سىز قۇرئاندىن بۇ سوئالنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

# ئىسلام نېمە؟

مۇستافا ئىسلامئوغلى

# قۇرئانغا كۆرە ئىسلام نېمە؟

## يازغۇچى: مۇستافا ئىسلامئوغلى

## تەرجىمان: باتۇر قاراخانلى


پىلانلىغۇچى: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق

نەشرگە ھازىرلىغۇچى: باتۇر قاراخانلى

نەشر قىلدۇرغۇچى: ئابدۇللا سىددىق

مەسئۇل مۇھەررىر & تەھرىرى: باتۇر قاراخانلى

بەت لايىھەلىگۈچى: پىداكار

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: MottoProject

ئالاقىلاشقۇچى : ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق

(whatsapp 05378112235)

تەدبىر شىركىتى www.tedbirltd.com

نەشرىيات: تەدبىر نەشرىياتى

تەدبىر تاشقى سودا مەسلىھەتچىلىك تەرجىمانلىق

مائارىپ خىزمەتلىرى ۋە ساياھەتچىلىك چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى

**Tedbir Dış Ticaret Danışmanlık Tercüme**

**Eğitim Hizmetleri ve Turizm Limited Şirketi**

نەشرىياتچىلىق رۇخسەت نۇمۇرى: **Yayıncı Sertifika No: 34532**

**Yenidoğan Mahallesi, Numunebağı Caddesi**

**Fatih İş Merkezi, 74/84, Kat5, Bayrampaşa, İstanbul**

**Tel/Fax: +90 212 347 5039 GSM: +90 537 811 2235**

**www.tedbirltd.com Email: tedbirltd@gmail.com**

مەتبەئە ۋە تۈپلىگۈچى:

خان باسمىچىلىق نەشرىيات مەتبەئە سانائەت ۋە تىجارەت ھەسسىدارلىق شىركىتى

**Han Basım Yayın Matbaacılık San. Ve Tic. A.Ş**

**Atatürk Caddes No: 42 Küçükçekmece/İstanbul**

**ISBN:** 978-605-82940-3-5

تۇنجى نەشرى: 2017 ـ يىلى ماي

تۇنجى باسما 2000 تال



* ئەسەرنىڭ بارلىق ھەق ـ ھوقۇقى يازغۇچىغا ئائىتتۇر.

ئاپتۇرنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرۈپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.

مەنبە ئەسكەرتىلگەن ھالدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................................1

### ئىسلام ۋە ئىمان ئاساسلىرى

ئىسلام نېمە؟ مۇسۇلمان كىم؟ .........................................................9
نېمىلەر ئىسلام ئەمەس؟ ............................................................... 11
ئىسلامنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن باشلانمىغانلىقى توغرىمۇ؟ .................. 13
كىشى قانداق قىلغاندا مۇسۇلمان بولىدۇ؟ ........................................... 14
ئىسلامدا دىن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟......................................................... 15
دىنىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ............................................................. 16
ئىمان ۋە مۇئمىن نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟ ............................................. 17
قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى قايسىلار؟.................................................. 18
الله كىم؟ الله كەلىمىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ............................................ 18
يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئېتىقادىدىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ ........................................... 22
قۇرئان ئاللاھنى قانداق سۈپەتلەيدۇ؟ ئۇنىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى قايسى؟ ............................................................................. 23
تەۋھىد دېگەن نېمە؟ ......................................................................... 24
تەۋھىد ئېتىقادى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى تەسلىس دوگمىچىلىقى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟........................................................................ 26

ئىسلامدا ئىنساننىڭ ئاللاھقا بەندە بولىشى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟ .......... 27
پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ .................................. 28
ئىسلامدا پەرىشتە چۈشەنچىسى قانداق؟ ........................................... 29
قۇرئاندا شەيتان كىم؟ ............................................................... 30
كىتابلارغا ئىمان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ............................................ 31
ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ........................................................... 32
ۋەھيي قايسى شەكىلدە كېلىدۇ؟..................................................... 33
ۋەھيىنىڭ مەقسىتى نېمە؟............................................................. 33
ۋەھيىنىڭ رېئال ھاياتتىكى قىممىتى نېمە؟......................................... 34
قۇرئان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟.......................................................... 35
قۇرئان قانداق كىتاب؟ ............................................................... 36
قۇرئان ئانا تېما جەھەتتىن نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟....................... 37
قۇرئان نېمە ئۈچۈن بىر تېمىدىن يەنە بىر تېمىغا ئاتلايدۇ؟...................... 38
قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىمۇ؟ ........................................................ 39
قۇرئاننىڭ مۇھاپىزە قىلىنىشى ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەر ئېلىنغان؟............. 41
قۇرئان ۋەھيي كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق يېتىپ كەلگەن؟ .................... 43
ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ بىر تەرتىۋى بارمۇ؟......................................... 44
ئىسلامدا ئەقىلنىڭ ئورنى قانداق؟.................................................. 45
ئەقىل ھەققىدە قۇرئاندىن مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟ .............................. 46
ئەقىل بىلەن ۋەھيىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ................................. 47
قۇرئان كونا ۋە يېڭى ئەھدىكە قانداق قارايدۇ؟ .................................. 48
قۇرئاندا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار ھەققىدە سۆز قىلىنامدۇ؟.................. 48
رەسۇلغا ئىمان دېگەن نېمە؟ ئىنسانغا نېمە پايدىسى بار؟......................... 49
ئەلچىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى نېمە؟................................ 50
ئەلچىلىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئەلچى كىم؟....................................... 50
ئەلچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمە؟............................................... 51

ئەلچىلەر نېمىلەرنى قىلالمايدۇ؟ ........................................................ 51
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟ ...................................................... 52
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسى قاچان، قەيەردە، قانداق كەلگەن؟ ........................................................................ 53
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئېغىر كۈنلىرى.......................... 55
تۇنجى نازىل بولغان ۋەھيىلەر نېمە ھەققىدە ئىدى؟......................... 57
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكىگە قارىتا دەسلەپكى ئىنكاسلار نېمىلەر ئىدى؟ ........................................................................ 59
قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق تونۇشتۇرىدۇ؟........................ 61
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان رەسۇل (ئەلچى) ئىكەنلىكى نېمە ئۈچۈن تەكىتلىنىدۇ؟ ........................................................................ 62
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نېمە؟ ............................ 63
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىملەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن؟.................. 63
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە تىنچلىقپەرۋەر ئىدى، مەدىنىدە نېمە ئۈچۈن تىنچلىقنىڭ ئورنىنى ئۇرۇش ئالدى؟.............................................. 64
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى؟............ 66
مۇسۇلمانلار رەسۇللىرىغا ئىبادەت قىلامدۇ؟ ........................................ 66
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلگە بولىشىنىڭ رېئال ھاياتتىكى نامايەندىسى نېمە؟........................................................................ 67
سۈننەت ۋە ھەدىس دېگەن نېمە؟ ......................................................... 68
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكىتىنىڭ سۈننەت ياكى ئەنئەنە ئىكەنلىكى قانداق ئايرىلىدۇ؟ .................................................. 69
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشامدۇ؟.......... 69
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى قانداق؟.............................. 70
خرىستىيان مەنبەلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مەلۇمات بارمۇ؟ .......... 70

بىر مۇسۇلمان ئىسا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىسا مۇسۇلمان بولالامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ........................................................ 72
ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا قۇرئاندا قانداق نەتىجە چىقىدۇ؟ ........................................................ 73
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم ھەققىدە قانچە ئايەت بار؟ ............. 74
قۇرئاندا ئىسا ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن «مەريەم ئوغلى ئىسا» شەكلىدە تىلغا ئېلىنىدۇ؟ ........................................................ 74
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىسقا مىخلىنىشى ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ ......... 75
ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟........................... 76
ئاخىرەتكە ئىمان زۆرۈرمۇ؟ ........................................................ 78
ئاخىرەتكە ئىماننىڭ ماھىيتى نېمە؟........................................................ 79
ئاخىرەتكە ئىمان ئارقىلىق نېمە مەقسەت قىلىنغان؟ ........................................ 79
قۇرئاندا ئاخىرەتتە مۇكاپات ۋە جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ........................................................ 81
ئەبەدىي ئىجادلىققا ئېرىشىش ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ ......................... 83

## مەۋجۇدىيەت ۋە ئىنسان

قۇرئاندا مەۋجۇدىيەت قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ مەۋجۇدىيەتنىڭ پەيدا بولىشى قانداق بايان قىلىنىدۇ؟ ........................................................ 87
ئىسلام مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟......... 88
ئىسلامدىكى ئىنسان – ئىلاھ – تەبىئەت تەرتىۋى قانداق؟........................... 89
ئىسلام تەبىئەت ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتكە قانداق قارايدۇ؟........................... 89
دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەر يامانلىقنىڭ مەنبەسى ۋە كۆزگە ئىلمىغىدەك نەرسىلەرمۇ؟ ........................................................ 90

قۇرئان نېمە ئۈچۈن «كۆپەيتىش ھىرسىگە» نىسبەتەن ئىنساننى ئاگاھلاندۇرىدۇ؟ ........................................................................ 91
قۇرئاندا ئىنسان كىم؟ ........................................................................ 92
ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى نېمە؟........................................................................ 93
ئىنساننىڭ قىممىتى نېمە؟........................................................................ 93
قۇرئان ئىنساننى قانداق تونۇشتۇرىدۇ؟ ........................................................................ 94
ئاللاھ ئىنساندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ ........................................................................ 95
قۇرئاندا تۇنجى ئىنساننىڭ يارىلىققا كېلىشى جەرياني قانداق؟........................................................................ 95
ئاللاھنىڭ «روھىدىن پۈلەش» نېمە دېگەنلىك؟........................................................................ 98
قۇرئان روھ ۋە بەدەن ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟........................................................................ 99
روھ ۋە بەدەن بىر - بىرىدىن ئېنىق ئايرىلامدۇ؟........................................................................ 99
ئاللاھ نېمە ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان؟ ........ 100
قۇرئاندا تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسى بارمۇ؟ ........................................................................ 100
قۇرئانغا ئاساسلانغاندا بوۋاقلاردا تۇنجى گۇناھ بولامدۇ؟........................................................................ 101
ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ يارىتىلىش مەقسىتى نېمە؟ ........................................................................ 101
ئىنساننىڭ فىترىتى دېگەن نېمە؟ ........................................................................ 102
فىترەت بىلەن ئىماننىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟........................................................................ 103
ئىنسان مەسئۇلىيىتىنىڭ چېكى بارمۇ؟ ........................................................................ 104
ياخشىلىق ياراتقۇچىدىن، يامانلىق مەخلۇقتىن........................................................................ 104
ھىدايەت ۋە زالالەت جەھەتتە ئىنساننىڭ قانداق مەسئۇلىيىتى بار؟ ............ 105
ئىسلامدا تەقدىر چۈشەنچىسى قانداق؟........................................................................ 107
قۇرئان ھۆر ئىرادە بىلەن تەقدىر ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ؟........................................................................ 110
بۇ چۈشەنچىنىڭ رەسۇلۇللاھ زامانىدىكى ئۆرنەكلىرى قايسى؟ ........................ 112
ئىسلامدا ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈستۈن بولۇش ئۆلچىمى بارمۇ؟ بولسا ئۇلار نېمە؟ ........................................................................ 115

ئىسلام ئىرق ۋە تەن رەڭلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارىتا نېمە دەيدۇ؟ ........ 115
ئىسلام ئېتىقاد ئوخشاشماسلىقىغا قانداق قارايدۇ؟ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ ياشاش هوقۇقى يوقمۇ؟ ........ 116

## ئىسلامدا ئىبادەتلەر

ئىسلام بىلەن باشقا دىنلارنىڭ ئىبادەت چۈشەنچىسىدە قانداق پەرق بار؟ ........ 119
ئۇبۇدىييەت دېگەن نېمە؟ ئىبادەت بىلەن ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ ........ 120
ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر قايسى؟ ........ 121
ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن روهبان سىنىپى يوق؟ ........ 122
ئىسلام روهبان سىنىپىغا قانداق قارايدۇ؟ ........ 122
ئىسلام پاكىزلىق هەققىدە نېمە دەيدۇ؟ ........ 123
ناماز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ........ 124
ناماز نېمە ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟ ........ 125
ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟ ........ 125
نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە شەرتى ........ 128
ناماز قەيەردە ئوقۇلىدۇ؟ ........ 131
ئىسلامدا مەسچىتنىڭ رولى نېمە؟ ........ 132
جۈمە كۈنىنىڭ قانداق ئالاهىدىلىكى بار؟ ........ 132
جۈمە نامىزى قانداق ناماز؟ ........ 133
خۇتبە دېگەن نېمە؟ ........ 133
باشقا دىنغا ئائىت مۇقەددەس ئىبادەتخانىلارغا قارىتا ئىسلامنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟ ........ 134
ئەزان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ........ 134
قامەت دېگەن نېمە؟ ........ 135
ناماز ۋاقىتلىرى ........ 136

نامازنى كىملەر ئادا قىلىدۇ؟........................................................ 137
ناماز كىم ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟ ............................................................. 137
ناماز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟ .............................. 138
زاكات دېگەن نېمە؟ ....................................................................... 139
ئىنفاق دېگەن نېمە؟...................................................................... 139
تەك بەھرىمان بولۇش ئەخلاقى قانداق بولىدۇ؟.................................. 141
ئىنفاق بىلەن ئۆسۈم ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارمۇ؟................................. 143
مال – مۈلۈكنى يوقسۇللار بىلەن بىرگە بەھرىمان بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟......... 144
ناماز بىلەن زاكاتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ........................................ 145
كىملەرگە زاكات بېرىلىدۇ؟............................................................. 145
نېمىلەردىن زاكات بېرىلىدۇ؟ ........................................................... 146
روزا نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ............................................................... 147
قۇرئان تۇغۇلغان ئاي رامىزان نېمە ئۈچۈن بەدەن ئاچ قويۇلغان هالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ ....................................................................... 148
روزا نېمە ئۈچۈن رامىزان ئېيىدا تۇتۇلىدۇ؟........................................... 148
روزىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى قايسى؟............................... 149
روزا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟ ............................... 149
روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغانلار قانداق قىلىدۇ؟..................................... 150
مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتلىرى قايسى؟..................................................... 151
تەكبىر نېمە ئۈچۈن ھېيت نامىزى بىلەن جىنازە نامىزىنىڭ ئوخشاش تەرىپى؟......................................................................... 152
ھەج ۋە ئۇمرە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ .................................................. 153
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج قىلدىمۇ؟ قانداق قىلغان؟........................ 157
كەبىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى قەيەردىن كېلىدۇ؟ .............................. 158
كەبىگە كىملەر دەۋەت قىلىنغان؟ ..................................................... 160
قۇربانلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ......................................................... 161

قۇربانلىق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟................. 162
قۇربانلىقنىڭ مەقستى نېمە؟............................................................. 164
جېنىنى بەرگۈچى قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋان تۇرۇپ، ئاللاھقا يېتىدىغان بىزنىڭ تەقۋالىقىمىز، نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟............................................ 164
جىھاد نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟.................................................................. 165
جىھاد بىلەن ئۇرۇش ئوخشاشمۇ؟........................................................... 166
ھەممە بىردەك قوبۇل قىلغان ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش، يامانلىقنى توسۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ......................................................................... 167
ئىسلامدا خىرىستىيانلىقتىكىدەك مىسسىئونېرلىك بارمۇ؟........................... 168
دەۋەت نېمە؟ ئىنسان كىمگە ۋە نېمىگە دەۋەت قىلىنىدۇ؟............................ 169
دەۋەت قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ ........................................................... 170
قۇرئاندا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانداق؟............. 170
قۇرئان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا قارىتا ئۆزگىچە بىر چاقىرىقتا بولامدۇ؟......... 171

## ھاراملار

ئىسلامدا شېرىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟.................................................. 175
قايسى ئىشلار شېرىك دائىرىسىگە كىرىدۇ؟ ............................................. 176
ئىسلامدا زۇلۇم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟.................................................... 179
ئىسلامدا كۇپۇر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ كاپىر دەپ كىملەرگە دېيىلىدۇ؟ .......... 180
ئىسلامدا نىفاق نېمە؟ مۇناپىق كىم؟..................................................... 181
ئىسلامدا ئىنسان ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟........................................... 181
ئىسلامدا ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە قانداق جازا بېرىلىدۇ؟................................ 183
ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن چوشقا گۆشى ھارام؟ سەۋەبى نېمە؟.......................... 184
ئىسلام نېمە ئۈچۈن ھاراق ۋە باشقا خۇمار قىلىدىغان ماددىلارنى ھارام قىلغان؟ ........................................................................................ 186

ئىسلامدا يېگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر نېمىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن؟ .......... 188
ئىسلام نېمە ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك ھەققىدە بۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىدۇ؟ .......... 190
ئىسلامدا ھايۋانلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىسمى ياد قىلىنغان ھالدا بوغۇزلىنىدۇ؟ .......... 191
ئىسلامدا زىنا نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ .......... 192
زىنانىڭ جازاسى نېمە؟ .......... 192
ھەمجىنسلىق ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ .......... 193
ئىسلامدا تۆھمەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ .......... 194
ئىسلامدا غەيۋەت نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمىچۇ؟ .......... 194
ئىسلامدا ئۆسۈم نېمە ئۈچۈن ھارام؟ .......... 195
ۋەھيي نېمە ئۈچۈن ئۆسۈمنى «ئاللاھقا جەڭ ئېلان قىلىش» دەپ قارايدۇ؟ .......... 196
ئىسلامدا قىمار نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىنغان؟ .......... 197
ئىسلامدا «گۇناھ چىقىرىش» بارمۇ؟ .......... 198
تەۋبە ۋە ئىستىغفار دېگەن نېمە؟ قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟ .......... 198
ئىسلامدا گۇناھنى كىم ئەپۇ قىلىدۇ؟ .......... 199
ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئىشەنسە، كىشىنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنامدۇ؟ .......... 201
رەسۇللاردىن تارتىپ بارلىق كىشىلەردىن ھېساپ ئېلىنىدىغانلىقى توغرىمۇ؟ .......... 201

## ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي ھايات

ئىسلامدا ئايال كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانداق؟ .......... 205
قۇرئان ئاياللارغا قول تەككۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ .......... 206
ئىسلامدا ئايال ۋە ئەر مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ .......... 209
ئايال كىشى نېمە ئۈچۈن ھىجاپلىنىدۇ؟ .......... 210
ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئورنى .......... 212

ئىسلام كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قانداق قارايدۇ؟........................................ 214
رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ......................... 215
ئىسلام باشقا دىنلارغا ۋە مەنسۇپلىرىغا قانداق قارايدۇ؟ ............................ 218
ئىسلام ئوخشىمىغان دىن مەنسۇپلىرى (مۇرتلىرى) بىلەن بىر يەردە ياشاشقا قانداق قارايدۇ؟.......................................................................... 219

# كىرىش سۆز

ئىسلام نېمە؟ مۇسۇلمان كىم؟ اللّٰه كىم؟ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلىقتىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ تەۋھىد ئېتىقادى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى تەسلىس (ئۈچ ئىلاھ) چۈشەنچىسى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ ئىسلامدا شەيتان كىم؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئەنئەنە ياكى سۈننەت ئىكەنلىكىنى قانداق ئايرىيمىز؟ قۇرئاندا مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ قۇرئاندا تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسى بارمۇ؟ ئىسلامدىكى قەدەر چۈشەنچىسى قانداق؟ ئىسلامدا روھبان (دىنى زاتلار) سىنىپى بارمۇ؟ ئاساسلىق ئىبادەتلەر قايسى؟ ھەمجىنىسلىق ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟ قۇرئان ئايال كىشىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇمدۇ؟ ئايال كىشى نېمە ئۈچۈن ھىجاپلىنىدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى نېمە ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق؟

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب، بۇنىڭغا ئوخشاش 200 گە يېقىن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ جاۋاپلار قۇرئاننى ئاساس قىلغان ھالدا بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن كىتابقا «قۇرئاندا ئىسلام نېمە؟» دەپ ئىسمى بېرىلدى. چۈنكى قۇرئان ئىسلامنىڭ شۈبھىسىز بىرىنچى مەنبەسى. ھەر مۇسۇلمان، قۇرئان مەنبەسىنىڭ ئىلاھىي ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ شۈبھىسىز بىر ئىلاھىي ۋەھيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. قۇرئان ھەزرىتى مۇھەممەدكە: «سەن ( ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ » ( شۇرا، 52 ) دەيدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەدمۇ دىنىنى ۋە ئىماننى قۇرئاندىن ئۆگەنگەن. ئىسلام ھەققىدە بۈگۈنگىچە سورالغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن سورىلىدىغان جىمى سوئاللارغا بېرىلىدىغان بىۋاستە ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك جاۋاپ، قۇرئاننى ئاساس قىلغان ھالدا بېرىلىدىغان جاۋاپلاردۇر.

ئەگەر « ئىسلام نېمە؟ » سوئالى « قۇرئانغا ئاساسەن نېمە؟ » دېيىلمەستىن، « مۇسۇلمانلارغا ئاساسەن نېمە؟ » دېگەن ئاساستا جاۋاپ بېرىلگەن بولسا ئىدى،

تەپسىلاتلارغا كىرگەنسىرى پارچىلىنىپ ئوخشاشماسلىقلار ئوتتۇرىغا چىقاتتى ۋە بۇ ئوخشاشماسلىقلاردىنمۇ ھالقىپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىنچىكە بۆلۈنۈشلەرگىچە داۋام قىلاتتى. ئەسلى مەنبەدىن يىراقلاشقانسىرى چۇشۇنۇشتىكى ئوخشاشماسلىقلار ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

«ئىسلام نېمە؟» سوئالىنى سوراۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانى كۈنسىرى ئاشماقتا. «ئىسلام نېمە؟ » سوئالىنىڭ جاۋابى دەۋرىمىز ئىنسانلىرى ئېرىشمەكچى بولغان جاۋاپلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كەلمەكتە. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى كۈنىمىزدە يەرشارى خاراكتېرلىق بىر تەلەپ ھالىغا كەلدى. ناۋادا بۇ تەلەپكە توغرا شەكىلدە جاۋاپ بېرىلمىسە، يالغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەپسۇس، بۇنىڭ ئىشارەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئىسلام قورقۇسى (ئىسلام ئوفوبىيا) غەربتە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئىسلام قورقۇسىنىڭ باش كۆرۈشىدە مۇنداق ئىككى سەۋەپ بار:

1 . مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ۋە چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خاتا ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئىسلامغا خاتا ۋەكىللىك قىلىشىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر.

2 . غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ھەققىدە توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولالماسلىقى ياكى ئىگە بولۇشقا قىزىقماسلىقىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر.

«نېمە ئۈچۈن ئىسلام ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولىشىمىز كېرەك؟» سوئالىنىڭ جاۋابلىرىدىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

1 . ئىسلام، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتەنبىرىنىڭ دىنى. كىشىلەر بارغانسىرى ئۆزگە «يات» لار بىلەن مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن يېقىنلاشماقتا. بۇ ئەسرىمىز ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئەسىر. غەيرى مۇسلىملار ئاز سانلىق ياكى كۆپ سانلىق، دوست ياكى ئورۇق – تۇققان، خىرىدار ياكى شېرىك، خوشنا ياكى ئىتتىپاقداش، كۆچمەن ياكى ساياھەتچى سۈپىتىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشماقتا. كۈندىن – كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان بۇ ئۇچرىششلارنىڭ كەلگۈسىدە يېڭى توقۇنۇش ساھەلىرى پەيدا قىلىش - قىلماسلىقى، ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر – بىرىنى تونۇش – تونۇماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

2 . ئىسلام مۇسۇلمانلار سەۋەپ بولغان ( مەيلى قىلغان ياكى قۇربانى بولۇپ قالغان ) نۇرغۇن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن، دۇنيا كۈنتەرتىپىدە مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئىسلامنى ئۆگىنىش، ئۇچۇر – ئالاقە تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي

قىلغان بۈگۈنكى دۇنيادا مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، مەيلى ياقتۇرايلى ياكى ياقتۇرمايلى، مەيلى مۇسۇلمان بولايلى ياكى بولمايلى، ھەممىمىزنىڭ ئىلىم ئېھتىياجى ۋە دۇنيا ۋەتەنداشلىقىنىڭ تەقەززاسى. ئىسلام ھەققىدە خاتا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالغان بەزى كىشلەر، سىياسي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەپلەردىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلارنى غەنىمەت بىلىپ، خاتا چۈشەنچىلىرىنى ھەر خىل تاراتقۇ ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە تارقاتماقتا ۋە بۇ خاتا چۈشەنچىنىڭ يەرشارلىششىدىن ئىبارەت مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا. تۆۋەندىكى سوئالنىڭ جاۋابى، يەر يۈزىدىن ئىبارەت بۇ مېھمانخانىدا ياشاۋاتقان بىز ئىنسانلىق ئائىلىسىنىڭ تاللىشىغا مۇناسىۋەتلىك:

يەر شارلىشىش چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغان كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر – بىرىنى چەتكە قېقىش ئىللىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتەمدۇ ياكى ساقايتامدۇ؟

بۇ كىتاب يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئىككىنچى تاللاش بولىشىغا ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە قەلەمگە ئېلىندى.

3. بىلىش. ياخشى بىلمەسلىك ناھايىتى خەتەرلىك. كىشى ئۆزى بىلمىگەن نەرسىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالىدۇ. قۇرئاندىكى ئىسلام، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورتاق ھەقىقەتلەرگە بېرىلگەن ئىسىم. يەنى، ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلىرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى. ياراتقۇچى « ئەي ئادەم باللىرى » ۋە « ئەي ئىنسانىيەت ئائىلىسى » خىتاپلىرى بىلەن بارلىق ئىنسانلارغا خىتاپ قىلىدۇ. ئوخشاش مەنبەگە ئاساسەن « تەسلىمىيەت يولى » بولغان ئىسلام، پۈتۈن ئەلچىلەرنىڭ دىنى بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ تارىخي ئېنىقلىمىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخي بىر رېئاللىق بار بولۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەت تارىخىدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان بىر پارچە. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئائىلىسىنىڭ بىر پارچىسىنى تەشكىل قىلغان ئىسلام چۈشەنچىسىنى توغرا شەكىلدە ۋە ئەسلى مەنبەدىن ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر.

بۇ كىتابتا « نېمە ئۈچۈن ۋە نېمىشقا » لار، « قانداق؟ » لارنىڭ ئالدىغا ئېلىندى. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئاساسەن چۈشەندۈرۈلدى. قۇرئان باشتىن ئاياغ سەۋەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ۋە جۈمللەر بىلەن تولۇپ تاشقان. بۇ باشقا دىنىي تېكىستلەردە ئانچە ئۇچراپ كەتمەيدىغان بىر ئەھۋال. بىز قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ھەر سوئالغا « نېمىشقا؟ » ۋە « نېمە ئۈچۈن؟ » ئۈستىدىن جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتۇق.

كىتابنىڭ يېزىلىش باسقۇچى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىدى. بۇ باسقۇچتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر كىتابنى يېزىشىمغا ئوخشاش جاپالىق بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەر قايسى قىتئەلەردە ياشاۋاتقانلاردىن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىندى. بۇ ھەيئەت سوئاللارنى ئايرىپ تەييار قىلدى. تەييارلىق باسقۇچى ئۈچ يىل داۋاملاشتى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئامېرىكادىن ياپونىيىگىچە، ياۋروپادىن ھىندىستانغىچە پۈتۈن دۇنيادىن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى سوئاللىرى يىغىلدى، تاللاندى ۋە رەتلەندى. مانا بۇ « ئىسلام نېمە؟ » پىلانىنىڭ تۇنجى كىتابى مۇشۇنداق جاپالىق خىزمەتنىڭ نەتىجىسىدە روياپقا چىقتى.

مۇشۇنداق جاپالىق بىر تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە روياپقا چىققان بۇ خىزمەتتە، رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالالمىساقمۇ، بەزى ئىسىملارنى تىلغا ئېلىشنى بۇرچىمىز دەپ قارايمەن. ئا ق ش دىلېۋېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتۇر شاكىر يۈجەل، بىلگىن ئەردوغان، قادىر گۈندۈز، دوكتۇر مۇرات گۈزەل، دوكتۇر ئوكتاي ئالتۇن ۋە پەنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور دوكتۇر فاتىھ ئايدوغانغا... ياۋروپا قىتئەسىدىن، ۋىيانا ئۇنىۋېرسىتى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور دوكتۇر ئەدنان ئارسلانغا ... ئەنگلىيىدىن دوكتۇر نۇردان ئۆزبىلماز ۋە « ئىسلام نېمە » پىلانىنىڭ تور بەت لاھىيىسىگە ياردەم قىلغان مۇھەممەد ئۆزبىلمازغا ... يەنە تەرجىمە گورۇپپىسىدىن دوكتۇر پەرۋىز ئاسارىيا خانىمغا ... تۈركىيەدىن ئەقەبە ۋەقفى تەتقىقات ۋە لاھىيە بۆلىمىگە ... ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنى بەزى دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بارلىق خەلقئارا ياردەم تەشكىلاتى ياردەم ئەلى ( ياردەم قولى ) جەمئىيىتىگە ۋە نۇرغۇنلىغان « ئىسمىسىز ياخشىلارغا » قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ، خالىس نىيەت ۋە خالىس نىيەتلىكلەر ئاساسىدىكى بىر پىلان. شۈبھىسىزكى، «ئىسلام نېمە؟» پىلانىغا بۇنىڭدىن كېيىن ياردەم قىلىدىغان نۇرغۇن خالىس نىيەتلىك كىشى، جەمئىيەت ۋە ئورگانلارنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەقسىتىمىز، ئەقىل ۋە قەلبىنىڭ كۆزىنى كور قىلغان جاھالەت زۇلمىتىنى يورۇتۇش. چۈنكى زۇلمەت، يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى پىلانلىغۇچىلار ئۈچۈن، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان تېپىلغۇسىز غەنىمەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ

ئىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۇ، ياشنىپ قالغان دۇنيامىزدا ياخشىلىقنىڭ ھەيۋىتىنى ئازايتىدۇ. بۇ ۋەزىيەت ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

« ھالاك بولغۇچىلار روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ھالاك بولسۇن، ياشايدىغانلارمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ياشىسۇن! » ( ئەنفال، 42 ).

قۇرئان يەنە مۇنداق دەيدۇ:

« ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( يۇنۇس، 99 ).

ئىنسانىيەت تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەت خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش ۋە ئەڭ قىزىقارلىق شەكىلدە يېڭىدىن شەكىللىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. يەر يۈزىدە ئىسلامنىڭ دۈشمىنى يوق، بەلكى ئىسلامنى بىلمەيدىغانلار بار. ئىسلامغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلغانلار ئىسلامنىڭ ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا مۇسۇلمانلار. چۈنكى ئۇلار ئېتىقادىغا ياخشى شەكىلدە ۋەكىللىك قىلالمىدى. شۇڭا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقي مۇسۇلمانلاردىن بولىشى.

مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلام ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىسلامي ئەنئەنە بىلەن ئىسلام ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام بىلەن تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسان قولى ئارقىلىق يارىتىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ئوخشاش نەرسە ئەمەس. قولىڭىزدىكى مانا بۇ كىتاب « ئىسلام نېمە؟ » دېگەن سوئالغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئىسلامغا تەرەپتار بولغۇچى روشەن بىر دەلىل بىلەن تەرەپتار بولسۇن، ئىسلامغا قارشى تۇرغۇچىمۇ روشەن بىر دەلىل بىلەن قارشى تۇرسۇن. ئىنسان قايسى پوزىتسىيەدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بىلگەن ئاساستا مەيدانىنى بەلگىلىسۇن. مانا بۇ مەقسەتتە ئىسلامنى بىلمەيدىغانلارغا ياردەم قىلىشنى نىشان قىلىۋاتىمىز. چۈنكى ئىنسان بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۇنياۋى تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئوخشاشماسلىقلار بايلىق دەپ قارالغان، ئوخشىمىغان ئېتىقاد ھاۋزىلىرى، مەدەنىيەت لاگىرلىرى بىر – بىرىنى چەتكە قاقمىغان ۋە شەيتانلاشتۇرۇپ چەتكە قاقمايدىغان بىر دۇنيادا ياشاش ئارزۇسى بىلەن.

مۇستاپا ئىسلامئوغلى

2014-يىلى مارت ، ئىستانبۇل

# ئىسلام

# ۋە

# ئىمان ئاساسلىرى

# ئىسلام نېمە؟ مۇسۇلمان كىم؟

ئىسلام - ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىسمى؛ مۇسلىم ياكى مۇسۇلمان - ئىسلام ئېتىقاد سىستېمىسىغا تەۋە كىشىگە بېرىلگەن ئىسىم. يەنى، مۇسلىم ياكى مۇسۇلمان ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى ھالدا ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام - ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنغان كىشىلەرنىڭ دىنى دېگەنلىك بولۇپ، «ئىسلام» ئىبارىسى ئۈچ يىلتىزدىن تۈرلەنگەن:

سىلم – تىنچلىق

تەسلىمىيەت - ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇش

سالامەت - ئەبەدىي نىجاتلىققا ئېرىشىش

ئىسلامنى بۇ ئۈچ ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مۇنداق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ:

ئىسلام - دۇنيادا تىنچلىق، ئاخىرەتتە ئەبەدىي نىجاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇش يولىدۇر.

ئىسلام كەلىمىسىنىڭ مەنىسى تىنچلىق بولۇپ، مۇسلىم ياكى مۇسۇلمان - بۇ تىنچلىقنى ئىچىدە ۋە تېشىدا ياشىغان « تىنچلىق ئەلچىسى » دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام - ھەقىقەتنى تاپشۇرۇۋالغانلارنىڭ ئەمەس، ھەقىقەتكە تەسلىم بولغانلارنىڭ يولىدۇر.

ئىسلام - ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەتلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق توغرىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يولدۇر. اللّٰہ ھوزۇرىدا مەقبۇل ياشاش شەكلى ( ئالئىمران، 19 )، اللّٰہ رازى بولغان دىندۇر ( مائىدە، 3 ).

ئىسلام – ئەخلاق، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر بەلگىلىمىلىرى بىلەن بىر پۈتۈن سىستېمىنىڭ ئىسمى بولۇپ ( بەقەرە، 208 )، ھەر مۇئمىن ئىسلامنى بىر پۈتۈن ھايات شەكلى سۈپىتىدە ھاياتىغا تەدبىقلىشى كېرەك ( بەقەرە، 85 ).

ئىسلام – يارانقۇچىنى ئىنسان ئىدراكىنىڭ مەركىزىگە قويىدۇ. ئىسلام يارانقۇچىنىڭ ئىنسانغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەرگەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ياخشى – يامانىنى ئىختىيارى ھالدا تاللاش ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ يولىدۇر.

ئىسلام – دىنلاردىن بىر دىن ئەمەس. ئۇ، ﷲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر دەۋەت قىلغان، ئىنسانىيەتكە تونۇش بولغان ئورتاق قىممەت ۋە توغرىلار ھالقىسىنىڭ ئىسمىدۇر (ھەج، 78 ).

ئىسلام – كەڭ دائىرىدە كائىناتنى ﷲ باشقۇرغان سىستېمىنىڭ ئىسمىدۇر (فۇسسىلەت، 11 ). كائىناتتا « توقۇنۇش » ئەمەس، ئەكسىچە « ماسلىشىش » ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، بۇ كائىناتتىكى مىسلىسىز تەرتىپ ۋە سىستېمىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ماسلىشىش ۋە سىستېمىدىن سۆز ئېچىلغان بىر يەردە « تولۇقلاش »تىن سۆز قىلىنغان بولىدۇ. ماسلىششچان مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر – بىرىنى تولۇقلىششى، ئۇلارنىڭ ئىسلامىيتى، يەنى تەسلىمىيتى دەپ قارىلىدۇ ( رەھمان، 6 ).

مۇسلىم - ھەم ئۆز ئىچكى دۇنياسىدا ھەم تاشقي دۇنياسىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلىش ئۇچۇن، ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى ھالدا ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسلىم – يىگانە ئىلاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ھالدا ھاياتىغا تەدبىقلىغان كىشى.

مۇسۇلمان بولۇش، « كۆڭلى خالىغان »نىڭ ئورنىغا، « ﷲ خالىغان »نى قويۇش ياكى قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇسۇلمان بولۇش، بىر يەرگە كېتىش ئەمەس، ئۆزىگە قايتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇش يولى بولغان ئىسلامنى، ھايات شەكلى دەپ قوبۇل قىلغان ھەر قانداق كىشى « مۇسلىم ياكى مۇسۇلمان » دەپ ئاتىلىدۇ. ﷲ ھەر دەۋردە ئۆزىگە سەمىمي ھالدا ئىشەنگەنلەرنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغانلارنى « مۇسلىمىن » دەپ ئاتىغان ( ھەج، 78 ).

كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا لۇتفى ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان لۇتفىدۇر ( ھۇجۇرات، 17 ).

# نېمىلەر ئىسلام ئەمەس؟

ئىسلامنى پەقەت بىر ئېتىقاد دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئېتىقاد بەلگىلىمىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامنىڭ ياشاش پرىنسىپلىرىمۇ بار. چۈنكى ئىسلام ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات سىستېمىسىدۇر. ئىسلام بىر پۈتۈن ۋە تەبىئىي ھالەتتە ھاياتقا تەدبىق قىلىنىدۇ. ئىسلام ياراتقۇچىنى ئىنسان ئىدراكىنىڭ مەركىزىگە تۇتىدۇ. ئىسلام بىر ئىلاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىشنى مەركىزى ئورۇنغا قويغان بىر كائىنات چۈشەنچىسىدۇر. ئىسلام ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانغا ئىلىم، ئەقىل ۋە ئىرادە بەرگەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ياخشى – يامانىنى تاللاش ئىرادىسى بولغانلىقىنى قوبۇل قىلغان، يەرشارىۋي تىنچلىق يولىدۇر. بۇ تەرىپى بىلەن ئىسلام، پەقەتلا ئىنساننىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغا ئەمەس، ھاياتىغا خىتاپ قىلىدۇ. ئىسلام پەقەت ئېتىقاد ئاساسلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە مۇئامىلە پرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام ئىمان ۋە ئەمەلدۇر. پەقەت ئېتىقادتا گۈزەل بولۇشنىلا ئەمەس، مۇئامىلىدىمۇ گۈزەل بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ ( لەيل، 5 – 7 ).

ئىسلامنى پەقەت ۋىجدان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ۋىجدان ئىلاھنىڭ ئۆيىدۇر. الله ئىنساننىڭ ۋىجدانى ئارقىلىق ئىنسانغا گەپ قىلىدۇ. ئىسلام ئىنساننىڭ ۋىجدانىغا خىتاپ قىلىدۇ. ۋىجداندىن ئايرىلغان بىر ئىسلام، تۇپراقسىز بىر ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. لېكىن ئىسلامنى پەقەتلا ۋىجدان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىسلامنى ۋىجدانغا قاماپ قويغانلىق بولىدۇ. ئىسلام ساھىبىنىڭ ۋىجدانىنى، ئەقلىنى ۋە ۋە ئىرادىسىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ. ساھىبىدىن ھەرىكەتكە ئۆتىشنى ۋە ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇپ ياخشىلىقنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى قۇرئاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

تۇر! ( ئىنسانلارنى ) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر ( مۇدەسسىر، 2 ) دېگىنىدەك.

ئىسلامنى پەقەت بىر ئىدىئولوگىيە دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئىدىئولوگىيىسى بار. لېكىن ئىسلامنى بىر ئىدىئولوگىيە دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ. ئىدىئولوگىيە دىنىدىن خالىي بىر قۇرۇلمىدۇر. ئىسلام دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشنى« پىترەتكە ياتلىشىش » دەپ قارايدۇ. ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ ئاخىرەت چۈشەنچىسى بولمايدۇ. ئىسلام باقىي ھايات سۈپىتىدە بۇ دۇنيانى ئەمەس، ئاخىرەتنى ئادرىس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامنى پەقەت بىر سىياسىي سىمۋول دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلام شەكىللەندۈرگەن مۇسۇلمانغا خاس بىر سىياسەت بار. بۇ سىياسەتنىڭ ئانا گەۋدىسى تۆۋەندىكى بەش نوقتىدىن تەشكىل تاپىدۇ:

1. ھەقىقەت ( تەۋھىد ).
2. ئادالەت
3. مېھرى – شەپقەت
4. لاياقەت
5. شۇرا ( كېڭەش )

ئىسلامنى بىر سىياسىي قۇرۇلما دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى سىياسەت مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلام بولسا مەنپەئەتنى ئەمەس، ياخشىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. سىياسەت نەتىجىنى مەركىزى نوقتا قىلىدۇ، ئىسلام ئەجىرنى مەركىزى نوقتا قىلىدۇ. سىياسەت زەپەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ئىسلام ھەق يولىدىكى سەپەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغانلىقى توغرىمۇ؟

ئىسلام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغان. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا ئىسلام تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ ( ھەج، 78 ). اللّٰه بىر بولغانلىقى ۋە ئىنسانىيەتمۇ بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانغا بېرىلگەن ۋەزىپىمۇ، ۋەھيىمۇ «بىر» دۇر. شۇڭا تۇنجى ئەلچىدىن ئاخىرقى ئەلچىگىچە اللّٰه ھوزۇرىدا مەقبۇل بولغان دىنمۇ بىردۇر ( مائىدە، 3 ). دەۋر ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قارىتا بەزى ئىبادەتلەردە، ھالال ۋە ھاراملاردا ئوخشاشماسلىقلار، خاسلىقلار بولغان. ئەمما، ئېتىقاد ئاساسلىرى قەتئىي ئۆزگەرمىگەن.

قۇرئاندا ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى مۇسا ۋە مەريەم ئوغلى ھەزرىتى ئىسا قاتارلىق بارلىق ئەلچىلەر «مۇسۇلمان» دەپ ئاتالغان. چۈنكى بارلىق ئەلچىلەر ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ئادا قىلغان كىشىلەر ئىدى.

## كىشى قانداق قىلغاندا مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ئىسلامدا ئاللاھقا ۋاكالەتەن ئىنساننى مۇسۇلمانلىققا قوبۇل قىلىش ھوقوقىغا ئىگە ھېچقانداق بىر ھاكىمىيەت، چىركاۋ، ئورگان ۋە دىنىي تەبىقە يوق. ئىسلامغا كىرىش، ئىنسان بىلەن الله ئارىسىدا ۋاستىسىز ۋە ۋەكىلسىز، بىۋاستە بولىدىغان بىر ئەھدە. ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىختىيارى ھالدا ئۆزلىكىدىن ئاللاھقا تەسلىم بولۇش يولىنى تاللىشى يېتەرلىك بولىدۇ.

ئىسلام ئىشكىدىن كىرىش ئىككى شاھادەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى، ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ ( مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ).

شاھادەت – ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرىدىن بىرى. الله ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئۆزى شاھىتتۇر ( مائىدە، 18 ). شۇنداقتىمۇ ئىنساننىڭ شاھىت بولىشىنىمۇ خالىغان. بۇ ئارقىلىق ئىنساننى شەرەپكە ئىگە قىلىش، ئۆز نەزرىدە ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ ئىككى شاھادەتتىن بىرىنچىسى، مۇتلەق ۋە چەكسىز ياراتقۇچى بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، تەڭدىشى يوقلىقىغا ۋە يارىتىلغان ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنى تەمسىل قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەزرىتى مۇھەممەد ( س ئە ۋ )نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەلچىلەرنىڭ ھەم ئىنسانىي خاسلىققا ئىگە بىرەر ئىنسان، ھەم ئاللاھتىن ۋەھيي ئالغان بىرەر ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى تەمسىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى شاھادەت بىلەن ئىسلام قورۇسىنىڭ ئىشكىدىن كىرگەن كىشىنىڭ، مۇئمىنلەرگە خاس بىر ھاياتنى قانداق ياشايدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى ئىككى ئامىل يول كۆرسىتىدۇ:

1 . قۇرئاننىڭ نەزەرىيىگە مۇناسىۋەتلىك جانلىق يول كۆرسىتىشى.

2 . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك داۋام قىلىپ كەلگەن يول كۆرسەتكۈچىلىكى.

بۇ ئىككى ئامىل ئەسلىدە بىر – بىرىگە پاراللېل مەنبە ئەمەس. چۈنكى كېيىنكى دەۋرلەردە « سۈننەت » دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جانلىق ئۈلگىلىك ھاياتى، ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئۆگەنگەنلىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن « سۈننەت » قۇرئاننىڭ شېرىكى ئەمەس، قۇرئاننىڭ رېئال ھاياتقا تەدبىقلىنىشىدۇر. شۇڭا قۇرئان، دىننىڭ شەرتسىز بىردىنبىر مەنبەسىدۇر.

شاھادەتنىڭ ئىسلام جامائىتى ئالدىدا قىلىنىش ئادىتى، بىر « ئىسلامغا كىرىش » مۇراسىمى ئەمەس. پەقەت يېڭى شاھادەت ئېيتقان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى باشقا كىشىلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە بىلدۈرۈش ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## ئىسلامدا دىن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئىسلامدا دىن، الله تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئىلاھىي ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن « ياشاش شەكلى » ۋە « قانۇنلار پۈتۈنلىكى »دۇر. دىن ئىنساننى ئىسمىلىك « قىممەتلىك » مەۋجۇدىيەتنىڭ پايدىلىنىش كىتابى، يول خەرىتىسى، قىممەت ۋە پرىنسىپلار ھالقىسىدۇر.

ھەق دىن، الله تەستىقلىغان دىندۇر. چۈنكى ياراتقۇچى يارىتىلغاننى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بىر نەرسىنىڭ پايدىلىنىش كىتابىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە يازغۇچى ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىدۇر. ئىنساننىڭ بىر پايدىلىنىش كىتابىغا ۋە يول خەرىتىگە ئېھتىياجى بار. دىن ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىنىش كىتابىدۇر ۋە بۇ كىتابنى ئەڭ توغرا يازغۇچىمۇ ئىنساننى ياراتقۇچىدۇر.

# دىنىنىڭ مەقسىتى نېمە؟

دىن - ئىنسانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن اللّٰه بىلەن، ئۆزى بىلەن، باشقا ئىنسانلار ۋە تەبىئەت بىلەن تونۇشىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ۋە ئەپ هالدا ياشىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دىن بۇ مەقسەتنى تۆۋەندىكى تۆت يول بىلەن، يەنى:

1 . ئىنسانىنى يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق هالدا ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئارتۇقچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق.

2 . ئاكتىپ ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەرپا قىلغان ئىنسانىنى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق.

3 . قۇرئانى قىممەت – قاراشلار ئارقىلىق ئىنسانىنى نەپس ۋە هەۋەسلىرىنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق.

4 . اللّٰه ئالدىدىكى هەددىنى، شەيئىلەرگە قارىتا قىممىتىنى، ئىنسانغا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

## ئىمان ۋە مۇئمىن نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟

ئىمان – ئاللاھقا ئىشىنىشتۇر. مۇئمىن ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىدۇر. بۇ ئىشەنچىنىڭ نەتىجىسى ئاللاھقا ئاڭلىق رەۋىشتە تەسلىم بولۇشتۇر. ئىسلام بۇ تەسلىمىيەتنىڭ ئىسمى.

قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ئەل – مۇئمىن ( ئىشەنچ قىلىنغان ) بولۇپ، الله ئىنسانغا ئىشەنگەن ھەمدە ئىنساننىڭمۇ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئەسەرىدۇر.

دىن « قەرز » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « دەين » سۆز يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ياراتقۇچى ئىنساننى ئاپىرىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ھەق ئالمىغان. ئىنسان پەيدا بولۇشتىن تارتىپلا ياراتقۇچىغا قەرز. ياراتقۇچى ئىنساندىن قەرزىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلمىدى. تەلەپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ، قەرزنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ئاللاھقا قەرز ئىكەنلىكى تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولۇپ، قەرزىنى ئېتىراپ قىلغۇچىنىڭ ئىلاھىي مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

ئىنساندىن ئالدى بىلەن بۇ ۋەدىگە ۋە باشقا ۋەھيىلەرگە ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنماقتا. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان ئىشەنچىگە قارىتا كەمتەرلىك بىلەن بېرىلگەن جاۋابىدۇر.

## قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى قايسىلار؟

قۇرئاننىڭ ئىككى جىلتى ئارىسىدا يەر ئالغان ھەر نەرسە ئىمان ئېمىسىدۇر. قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى بىر قانچە يەردە ئارقا – ئارقىدىن بايان قىلىنغان ( بەقەرە، 177، 284، 285؛ نىسا، 136 ). قۇرئاندا ئېنىق تىلغا ئېلىنغان ئىمان ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش
ئەلچىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

## اللّٰه كىم؟ اللّٰه كەلىمىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ﷲ كائىناتنىڭ مۇتلەق ياراتقۇچىسى بولغان ئىلاھقا ئەرەپ تىلىدا بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، ﷲ كەلىمىسى « مۇتلەق ۋە ئەبەدىي ئىلاھ » مەنىسىدىكى ئەل – ئىللاھ سۆزىدىن تۈرلەنگەن. سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان بارلىق سۆزلەرنىڭ ئورتاق مەنىسى «سۆيگۈ ».

ﷲ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى بولمىغان، مۇتلەق ۋە ئەبەدىي بار بولغان بىردىنبىر ياراتقۇچىدۇر. ياراتقۇچى بىر، يارىتىلغان سانسىزدۇر.

« ( ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ - ﷲ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ﷲ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ » ( سۈرە ئىخلاس ).

ﷲ مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندۇر. كائىناتنى يوقتىن بار قىلغان، باشقۇرۇپ تۇرغان، كائىناتتىكى تەرتىپنى ساقلاپ تۇرغۇچى، قانۇنىيەتنى

بەلگىلىگۈچىدۇر. اللّٰە مۇكەممەل ۋە قۇسۇرسىز مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇنىڭدىن غەيرى ھېچقانداق بىر شەيئى مۇكەممەل ئەمەس.

اللّٰە چەكسىز مېھرى – مۇھەببەت ۋە مېھرى – شەپقەتنىڭ مەنبەسىدۇر ( بەقەرە، 143 ).

ئالاھنىڭ رەھمىتى ھەر نەرسىنى قورشاپ تۇرىدۇ ( ئەئراف، 156 ).

اللّٰە رەھمەت قىلىشنى ئۆزىگە بىر ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىگەن زاتتۇر ( ئەنئام، 54 ).

اللّٰە مەۋجۇدىيەتنى يوقتىن بار قىلغان، ئۇنىڭغا بىر يارىتىلىش مەقستى بەلگىلىگەن، مەۋجۇدىيەتنى بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە قىلغۇچىدۇر ( تاھا، 50 ).

اللّٰە ئەۋۋەلى ۋە ئاخىرى بولمىغان، ھەر زامان مەۋجۇت بولغۇچىدۇر ( ھەدىد، 3 ).

اللّٰە ھەرقانداق ئىنسانىي چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان، ئەمما ئۆزى ھەرخىل ئىنسانىي چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىلمى ئىچىگە ئالغان، ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان، ھەر نەرسىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر ( ئەئراف، 103 ).

« اللّٰە ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىلاھ بولمىغان زاتتۇر. ئىنسان ئىدراك قىلالمىغان ۋە ئىدراك قىلىپ بىلگەن ھەر نەرسىنىڭ ئالىمى پەقەت ئالاھتۇر. ئۇ ئۆزى مەرھەمەت ئىگىسى، ئىشىدا رەھمىتى چەكسىز بولغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئالاھتۇر. مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇتلەق ئىگىسىدۇر. ئۇلۇغلۇق، مۇتلەق نىجاتلىق ۋە ھوزۇرنىڭ مەنبەسىدۇر، ئىشەنچ ۋە ئىمان بەرگۈچىدۇر، ( توغرا - خاتانى بەلگىلەشتە ) مۇتلەق ھوقوق ئىگىسىدۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغان، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر شارائىتتا ئۆز ئىرادىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى، بۈيۈكلىكىدە چېكى يوق بولغان زاتتۇر. اللّٰە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭغا شېرىك قوشقانلارنىڭ شېرىكىدىن ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىنكارىدىن زەرەر يەتمەيدۇ. ئۇ مۇتلەق ياراتقۇچىدۇر. يارىتىلغانلارنىڭ تۇنجى ئۆرنىكىنىمۇ ئۇ ياراتقان. ياراتقان تۇنجى ئۆرنەكلەرنىڭ مىسلىسىز لاھىيەسىنى لاھىيلىگۈچىدۇر. ئەڭ گۈزەل خاراكتېر ۋە بارلىق مۇكەممەللىك ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈن بولغۇچى، ئەڭ توغرا ھۆكۈم بەرگۈچى ئاللاھتۇر ( ھەشىر 22 – 24 ).

« بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ( مۈلكى )دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللّٰه ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى، كەينىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى ( مەلۇماتى ) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر » ( بەقەرە، 255 ).

اللّٰه ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر ( قاف، 16 ).

اللّٰه ئىنسان قەيەردە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسان بىلەن بىللىدۇر ( ھەدىد، 4 ).

اللّٰه بەندە ئۆزىگە ئاجىز كەلگەن، يېتەرلىك بولمىغاندا، ئىنسانغا يېتەرلىك بولغۇچىدۇر ( زۇمەر، 36 ).

اللّٰه ئىنسان بىلەن قەلبى ئارىسىغا ئىزچىل مۇداخىلە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر ( ئەنفال، 24 ).

اللّٰه ناھايىتى مېھرىباندۇر ( زۇمەر، 53 ).

اللّٰه ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر ( نۇر، 35 ).

اللّٰه ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات مەڭگۈ باقىي قالغۇچىدۇر ( رەھمان، 27 ).

اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر ( مۇرسالات، 23 ).

اللّٰه ئىزچىل تۈردە ھاياتقا ئارىلىشىپ ( ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ ) تۇرغۇچىدۇر ( رەھمان، 29 ).

اللّٰه ھەر نەرسىنى ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەت بىلەن ياراتقۇچىدۇر ( قەمەر، 49 ).

اللّٰه نۇرى ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان زاتتۇر ( سەف، 8 ).

الله ئىنسانىنىڭ سالىھ ئەمەللىرىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە مۇكاپاتلىغۇچىدۇر ( ئەنكەبۇت، 7 ).

الله، مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەقلىمىزگە كەلگەن ھەر نەرسە الله ئەمەستۇر. چۈنكى ئەقىل چەكلىك ۋە پانىيدۇر، الله باقىي ۋە چەكسىزدۇر. چەكلىك ۋە پانىي بولغۇچى، چەكسىز ۋە باقىي بولغۇچىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

الله، بەندە بولۇشقا ۋە ئىبادە قىلىشقا لايىق بىردىنبىر زاتتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭ ھەققىدۇر. ئۇنىڭدىن غەيرىگە قۇل بولۇش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. ئاللاھقا بەندە بولۇش، بەندىگە قۇل بولماسلىقتۇر.

## يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئېتىقادىدىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئىلاھ چۈشەنچىسى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟

يەھۇدىيلىكتە ئىنسانغا ئوخشايدىغان بىر ئىلاھ چۈشەنچىسى مەۋجۇت. يەھۇدىي ئىلاھ چۈشەنچىسىدە ئىلاھ بەزىدە ئىنسانغا ئايلىنىدۇ ۋە ئىنسانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

مەسىلەن: ئىنساننى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ ( تەكۋىن 6:5،7 )، ساراھنى ھامىلە قالدۇرىدۇ ( تەكۋىن، 21:1،2 )، ياقۇپ بىلەن چېلىشىدۇ ( تەكۋىن، 32:22-32 )، ئىنسانغا كۆرۈنىدۇ ( تەكۋىن، 32:30 )، ھارىدۇ ۋە ئارام ئالىدۇ ( تەكۋىن، 2:3 ).

قۇرئاندا « اللَّه ئەڭ ئۈستۈن ۋە كاتتىدۇر » ( شۇرا، 4 )، « ھېچقانداق بىر شەيئى ئاللاھقا ئوخشىمايدۇ » ( شۇرا، 11 )، « كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، اللَّه كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ » ( ئەنئام، 103 ).

يەھۇدىيلىكتە يەھۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ « مىللى ئىلاھى »دۇر ( تەكۋىن، 17:8).

قۇرئاندا اللَّه « پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ رەببى » ( ناس، 1) ۋە « پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ رەببى»دۇر ( فاتىھە، 2 ).

خىرىستىيانلىقتا ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئىنسان چۈشەنچىسى مەۋجۇت. مىسىر، مىسوپوتامىيە ۋە ھىندىستانغا ئوخشاش قەدىمكى كۆپ ئىلاھلىق مەدەنىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان كۆپ تەڭرىلىق چۈشەنچىسى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى كۆپ ئىلاھلىق بۇ نوقتىدا ئوخشاشلىققا ئىگە. خىرىستىيانلىقتا ئادەتتىكى ئىنسانغا ئوخشاش ھاياتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ئىنسان مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تەڭرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

قۇرئان بۇ قاراشنى ئەلچى دەپ تونۇشتۇرۇلغان مەريەم ئوغلى ئىساغا چاپلانغان بىر تۆھمەت دەيدۇ ( مائىدە، 117 ). بۇ داۋا قاتتىق رەت قىلىنغان سۈرىدە، خىرىستىيانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى ئىلاھلىق دەرىجىسگە كۆتۈرۈشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« ( ئى مۇھەممەد! ) ئېيتقىنكى، ئۇ - اﷲ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. اﷲ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ » ( ئىخلاس سۈرىسى ).

## قۇرئان ئاللاھنى قانداق سۈپەتلەيدۇ؟ ئۇنىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى قايسى؟

« اﷲ ئۆزىدە چەكسىز رەھمەت، ئىشىدا چەكسىز مەرھەمەت ئىگىسىدۇر » ( فاتىھە، 2 ).

« ئۇ، چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، بەندىسىنى ياخشى كۆرگۈچى ۋە دوست تۇتقۇچىدۇر » ( بۇرۇج، 14 ).

« ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر، اﷲ ( ھەمىشە ) تىرىكتۇر، ھاياتنىڭ، مەخلۇقاتنىڭ مەنبەسى ۋە يۆلەنچۈكىدۇر » (ئالئىمران، 2 ).

« اﷲ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر »( نۇر، 35 ).

« اﷲ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، اﷲ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر »( رۇم، 40 ).

« ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا مۇھتاجسىلەر، اﷲ ( ھەممىدىن ) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر » ( فاتىر، 15 ).

« اﷲ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقىتىدۇ » ( زۇمەر، 36 ).

« كىمكى دۇنيادا شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ ( ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن ). پەقەت ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەللەر ئۇنى كۆتۈرىدۇ » ( فاتىر، 10 ).

« ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن ( يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن ). رەببىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر » ( ھۇد، 123 ).

« ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر » (لوقمان، 22 ).

« الله غالىبتۇر، يامانلىق قىلغۇچىنى جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟ » ( زۇمەر، 37 ).

# تەۋھىد دېگەن نېمە؟

تەۋھىد ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسىدۇر. ئىسلام، تەۋھىد ئېتىقاد ئاساسىدا قەد كۆتۈرىدۇ. ئىسلام نامىدىن قىلىنغان ۋە قىلىنىدىغان ھەر ئىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ تەۋھىدتۇر.

تەۋھىد، ئىخچاملانغاندا بىر جۈملىگە مۇجەسسەملىشىدۇ، يەنى « لا ئىلاھە ئىللەللاھ – ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھ پەقەت ئاللاھتۇر ». بۇ جۈملە كەلىمەئى تەۋھىد دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام ئىمانىنىڭ ئاچقۇچى بولغان بۇ جۈملە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مەۋجۇدىيەت تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، بۇ جۈملىنىڭ مەنىۋىي ئېغىرلىقنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام « كائىناتتىنمۇ ئېغىر توختايدۇ » دەپ چۈشەندۈرگەن.

لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئىككى قىسمدىن يەنى، بىرىنچى قىسمى « ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر (لا ئىلاھە ) »مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەنفىي جۈملىدىن؛ ئىككىنچى قىسمى، « پەقەت الله باردۇر » ( ئىللەللاھ ) مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇسبەت جۈملىدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىدىكى مۇسبەت ۋە مەنفىي ئۇقۇم كائىناتتىكى ھەر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئاتۇمنىڭ يادروسىدا نىترون ۋە پروتون شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يۇلتۇزلار ۋە پىلانىتلارغا ئوخشاش بارلىق ئاسمان جىسىملىرىدا، ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك

ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرگەن تېپىش ۋە تارتىش كۈچى بىلەن نامايەندە بولىدۇ. دىژىتال ( سان – سىفىرلىق ) دۇنيادا، بۇ دۇنيانىڭ ئىككى ئاساسلىق ئامىلى بولغان 0 ۋە 1 شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مەۋجۇدىيەت جىسمى تىلى بىلەن كەلىمەئى تەۋھىد ئېيتقان ماسلىششچانلىق ئىچىدىكى بىر كورىدۇردۇر. مەۋجۇدىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يوقۇلىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بۇنىڭغا ئاساسەن، كەلىمەئى تەۋھىد ئېيتىش، كائىناتقا مەنسۇپ بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، « لا ئىلاھە ئىللەللاھ » ئىنسانىنى ئۆزى ئەزا بولغان كائىنات ئالىمىدىكى مەخلۇقاتقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، « لا ئىلاھە ئىللەللاھ » تەۋھىدكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

« لا ئىلاھە ئىللەللاھ » بىلەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە كىرگەن كىشى، بۇ جۈملىنى ئېيتىش بىلەن ئاللاھقا تۆۋەندىكىلەر ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولىدۇ:

يارىتىلغان ھەر شەيئى ئىگە بولغان مەنا ۋە مەقسەت ئۆزگەرمەس بىر قانۇندۇر. اللّٰه ھەر شەيئىنى بەلگىلىك مەناغا ئىگە قىلىپ ياراتقان.

بىر شەيئىنى ياكى ھايات ساھەسىنى ياراتقۇچىسىدىن ئايرىپ تاشلاش، مەنىسىدىن ۋە مەقسىتىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقتۇر.

ھەر شەيئى بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر، ھەر شەيئى بىر ئاللاھقا باغلىنىدۇ ( تەۋھ ).

اللّٰه ئارلاشمىغان، ئۇنىڭدىن ئايرىم مۇستەقىل بىر ھايات ساھەسى يوق.

ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكى، يارالغۇچىنىڭ كۆپلىكى ئاساسي پرىنسىپ بولۇپ، ياراتقۇچىنى كۆپ دەپ قاراش ھەقىقەتكە، يارالغۇچىنى « بىر »گە مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇش مەخلۇقاتقا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. جىمى مۇستەبىت ۋە دىكتاتۇر ھۆكۈمرانلار بۇ خىل زۇلۇمنى پەيدا قىلغان. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، بىغۇبار گۈزەللىكنىلا ئەمەس، ئېتىقادسىزلىقنى يەر يۈزىدىن قۇرتۇپ تاشلاشمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىقتۇر.

« ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( يۇنۇس، 99 ).

# تەۋھىد ئېتىقادى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى تەسلىس دوگمىچىلىقى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟

تەۋھىد بىلەن كۆپ ئىلاھلىق بىر – بىرىگە قارمۇقارشىدۇر.

تەۋھىد چۈشەنچىسى ئىسلامنىڭ ئاساسىدۇر. كۆپ ئىلاھلىق دوگمىسى خىرىستىيانلىقنىڭ ئاساسىدۇر. تەۋھىد چۈشەنچىسى، ئاللاھنىڭ بىر، ئەبەدىي ۋە ئۈستۈن، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوق ئىكەنلىكىنى، ياراتقان مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئوغۇل ۋە دادا ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆپ ئىلاھلىق دوگمىچىلىقى، بۇنىڭ دەل ئەكسىنى بايان قىلىدۇ.

قۇرئاندا، تەۋھىد چۈشەنچىسى تۇنجى ئەلچىدىن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىگىچە بارلىق ئەلچىلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادىدۇر. ئەمما « تەسلىس » مەنىسىدىكى « ترىئاس ( ئۈچلىك ) » ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ مەريەم ئوغلى ئىسادىن تەخمىنەن 150 يىل كېيىن، ئافىنالىق ئىلاھىيەتچى ئاتەناگوراس ئىشلەتكەن. بۇ ئۇقۇمنى، باشقا كۆپ ئىلاھلىق مەدەنىيەتلەرنى ئۈرنەك قىلىپ، ئېتىقاد شەكلىدە سىستېملاشتۇرغان كىشى پوپلارنىڭ ئەڭ چوڭى تېرتۇللىئاس ( ملادى 160 – 220 )تۇر.

تەۋھىد چۈشەنچىسىدە، بىر مۇسۇلمان ئاللاھتىن باشقىسىغا دۇئا قىلىپ بىر نەرسە تىلىمەيدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەدكە دۇئا قىلىپ ياردەم تىلەشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. تەسلىس ئېتىقادىدا، بىر خىرىستىيان مەريەم ئوغلى ئىساغا دۇئا قىلسا بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ياشىغان بىردىنبىر پەرزەنتى پاتىمەگە ۋاپاتىدىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن:

« قىزىم پاتىمە! ئۆزەڭنى قىلغان سالىھ ئەمەللىرىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىغىن. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاخىرەتتە سەن ئۈچۈن قولۇمدىن بىر ئىش كەلمەيدۇ! ».

تەۋھىد چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغاندا، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنى مۇقەددەس ئەمەس. لېكىن تەسلىس چۈشەنچىسىگە

قارىغاندا، بىر خرىستىيان ئۇچۇن مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ بەدىنى مۇقەددەس بولىدۇ.

تەۋھىد چۈشەنچىسىگە كۆرە، بىر مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىش بىلەن، بىر بۇتقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر پەرق يوق. تەسلىس ئېتىقادىدا، بىر خرىستىيان مەريەم ئوغلى ئىساغا ئىبادەت قىلمىسا خرىستىيان بولالمايدۇ.

## ئىسلامدا ئىنساننىڭ ئاللاھقا بەندە بولىشى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

ئىسلامدا ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ:

1. ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىگە قۇل بولماسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام، ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى ئازغۇن شەخسىيەتچىلىكىگە ۋە نەپسىگە ئەسىر بولىشىغا قارشى. چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ ئەقلى، ئىرادىسى ۋە ۋىجدانىنى قۇل قىلىدۇ. قۇرئان بۇ ئەھۋالنى « نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋېلىش» ( فۇرقان، 43 ) دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاللاھقا بەندە بولۇش، نەپسى خاھىشىغا قۇل بولۇشنى رەت قىلغانلىقتۇر.
2. ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇل بولماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام، ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇل بولىشىنى مەنئي قىلىدۇ. ئىنسانىنى ئۆزىگە قۇل قىلغانلار بولسۇن، ئىنسانغا مەيلى ئىختىيارى ھالدا قۇل بولغانلار بولسۇن ھەممىسى الله ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ. بۇ ئىنسانىنى ئۆز تۈرىنىڭ قۇل قىلىشىدىن قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.
3. ئىنساننىڭ دۇنياپەرەست بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام، ئىنساننىڭ دۇنياغا، مال – مۈلۈك، پۇل ( ئالتۇن – كۆمۈش )، ماقام ( ھوقوق ) ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەر قانداق بىر نەرسىگە قۇل بولىشىنى چەكلەيدۇ. بۇ ئىنسانىنى دۇنياپەرەست بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. بۇلارغا بېرىلىپ كەتكەن كىشى، مەۋجۇدىيەت

ئالىمدە قىممەت جەھەتتىن ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان شەيئىلەرگە ئۆزىنى قۇربان قىلغان بولىدۇ.

## پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

پەرىشتىلەرگە ئىماننىڭ ماھىيىتى تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 . مەۋجۇدىيەتنىڭ پەقەت بەش سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن كۆزىتىش ۋە ھېس قىلىش يولى ئارقىلىق بىلەلىگەنلىرىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش.

2 . مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنسان ئىدراكىدىن ھالقىغان بىر تەرىپىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش.

3 . شەيئىلەرنىڭ بىزگە كۆرۈنگەن تەرەپلىرىدىن باشقا، بىز كۆرەلمىگەن تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش.

# ئىسلامدا پەرىشتە چۈشەنچىسى قانداق؟

پەرىشتە دېيىلگەندە، ئەقلىمىزگە ئەڭ باشتا ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرىئىل كېلىدۇ. جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىنى ئەلچىلەرگە شۇ پېتى يەتكۈزۈشتۇر. ۋەھيي پەرىشتىسى، ۋەھيىنىڭ مىتافىزىكىلىق مەنبەسى بولغان « مۇھاپىزەت قىلىنغان كارت ( لەۋھۇل مەھپۇز ) » بىلەن ۋەھيي ئالغۇچى ئەلچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە.

قۇرئانىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرىئىل ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئەسلى ھالىتىدە كۆرۈنگەن ( نەجم، 5،18 ).

پەرىشتىلەر ئاللاھقا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان مەخلۇقلاردۇر. قۇرئاندىكى پەرىشتە ئۇقۇمى ئىچىگە، ئاللاھنىڭ خالىغان ۋاقتتا شەيئىگە مۇداخىلە قىلغان « فىزىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ مېتافىزىك كودلىرى »مۇ كىرىدۇ. بۇلارنى يارىتىلغان شەيئىلەرنىڭ « مېڭىسى، ئەستە تۇتۇش ( ساقلاش ئورنى )، كارتى » دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. كائىناتتا كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن، ئىرادىلىك ۋە ئىرادىسىز مەۋجۇدىيەتلەر تەۋە بولغان « ئىلاھى ماتېماتىكا » بۇ مېڭە ( ساقلىغۇچ ياكى كارت ) ئارقىلىق خىزمەت قىلىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ، قۇرئاندا قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ۋە بۇزۇلمايدىغانلىقى تەكرار - تەكرار قەيت قىلىنغان ئىلاھى قانۇنىيەتنىڭ ئىسمى بولغان « سۈننەتۇللاھ »نىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا رول ئالغان، ماھىيىتى بىزگە تولۇق مەلۇم بولمىغان مەخلۇقلارغا ئوخشايدىغان بىر تەرىپى بار.

# قۇرئاندا شەيتان كىم؟

قۇرئاندا شەيتان ( ئىبلىس ) ئاللاھنىڭ رەقىبى ئەمەس، ئاللاھقا ئاسىي بولغان گۇناھكار بەندىدۇر. قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئادەم ۋە ئىبلىس قىسسەلىرىدە چىققان نەتىجە شۇ: ئادەممۇ، شەيتانمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىي بولدى ۋە گۇناھكار بولدى ( تاھا، 121 ). لېكىن ئادەم گۇناھىنى تونۇپ مەغپىرەت تىلىدى ۋە قوبۇل بولدى ( بەقەرە، 37 ). ئىبلىس بويۇنتاۋلىق قىلدى ۋە ئىلاھى رەھمەتتىن قوغلاندى ( ئەئراف، 12 ).

شەيتان ئاللاھنىڭ الله ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ ( ئەنفال، 48 ).

قۇرئاندا، شەيتان ئاللاھنىڭ ئەمەس ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى ۋە رەقىبى. ئۇ بارلىقىنى ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشقا ئاتىغان ( ئەئراف، 16 ).

الله، ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىنسىنى ياتلاشتۇرمىسۇن ۋە شەيتانلاشتۇرمىسۇن دەپ شەيتاننىڭ قىيامەتكىچە مەۋجۇت بولۇشىغا رۇخسەت قىلغان. شەيتاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىنسىنى ياتلاشتۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئاجىز تەرەپلىرى بار. بۇ ئاجىزلىقلار ئىنسانلارنى ئۈستۈن قىلغان ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئەكس تەسىرى ئەسلىدە. ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن بىرسى، ئۆزىگە دۈشمەن قىلىدىغان بىرسىنى ئىزدىشى بولۇپ، شەيتان ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي بىر ئۆزگىدۇر. شەيتاننىڭ بار بولۇپ تۇرىشى بىلەن، الله ئىنسانلارغا شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇ:

ئى ئىنسان! سەن چوقۇم بىرىنى ئۆزىڭگە ياتلاشتۇرماقچى ( دۈشمەن تۇتماقچى بولساڭ ) ئۇنداقتا شەيتاننى ئۆزەڭگە يات كۆرگىن! چۈنكى شەيتان ئىنسانلارنىڭ ئاشكارە دۈشمىنى ( بەقەرە، 168 ).

ۋەھىي، شەيتاننىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاكتىپ ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانغا ئىگە ئىنسانغا قارىتا ھېچقانداق تەسىرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، يەنى نوپۇزى ئاستىغا ئالالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ( ئىسرا، 65 ). شەيتاننىڭ ئىنسانغا قارشى ئىشلىتەلەيدىغان بىردىنبىر كۈچى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن

شەيتانغا بەرگەن كۈچ بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن شەيتاننىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرگەن بىر كىشى، شەيتاننى ئەمەس ئۆزىنى ئەيىبلىشى كېرەك. ئۇ كىشى ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانىنى ۋەھيي بىلەن ئاكتىپ تۇتۇشنىڭ ئورنىغا پاسسىپ تۇتقانلىقىنىڭ بەدىلىنى ئۆتەيدۇ ( زوخرۇف، 36 ). ئۇنىڭ شەيتانغا ئالدىنىشى، ئۆزى ئۈچۈن بىر باھانە بولالمايدۇ ( ئىبراھىم، 22 ).

## كىتابلارغا ئىمان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

كىتابلارغا ئىمان، ئىنسانىيەت تارىخى بويىنچە ئاللاھتىن كەلگەن پۈتۈن ۋەھيىلەرگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئىنسان تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋەھيىلەرگە ئىمان ئېيتماي تۇرۇپ ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولالمايدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن ۋەھيىگە ئىمان ئېيتىشى ئىمان شەرتلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق بارلىق ئەلچىلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىمان ئېيتىشمۇ ئىمان شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى تارىخيي ھەقىقەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلاھى ۋەھيىلەر، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. قۇرئان ئۇلاردىن بەزى قىسىملارنى نەقىل قىلىدۇ ( مائىدە، 32،45؛ ئەنبىيا، 105؛ ئەئلا، 14، 19 ).

قۇرئان ئۆزىنى ئىلگىرىكى كىتابلاردىن كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەم سۈپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ ( مائىدە، 48 ). ئىلگىرىكى كىتابلاردىن قالغانلارنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى، ئۇلارنى قۇرئانغا سېلىشتۇر. ئەگەر قۇرئان تەستىقلىسا، ئۇنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن شەكلىدە ساقلانغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەگەر تەستىقلىمىسا، ئۇنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋەھيىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

# ۋەھيينىڭ ماھىيىتى نېمە؟

ۋەھيي – بىر خەۋەرنى سۆز شەكلىدە بولمىغان يوشۇرۇن ۋە تېز شەكىلدە خىتاپ قىلىنغۇچىسىغا يەتكۈزۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋەھيي ئاللاھنىڭ ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىشىدۇر.

ۋەھيي ئىنساندىن ﷲ هوزۇرىغا كۆتۈرۈلگەن دۇئانىڭ، ئاللاھتىن ئىنسانغا نازىل قىلىنغان دائىمى جاۋابىدۇر.

ۋەھيي ئەبەدىي ھەقىقەتنىڭ پانىي بىلەن باغلىنىشىدۇر.

ۋەھيي باقىي بولغان ئاللاھنىڭ ۋاقىتلىق، ئەجەلى بولغان ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدۇر.

ۋەھيي ئىنساننىڭ پايدىلىنىش كىتابى بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ پايدىلىنىش كىتابىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە يازغۇچى ئۇنىڭ ئىجادكارىدۇر. ئىنساننى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ پايدىلىنىش كىتابىنى ئەۋەتىپ بەرگۈچى ئاللاھتۇر.

ۋەھيي يېڭىدىن بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنغان ئىلاھى بىر پىلان بولۇپ، ئىنساننى يەر يۈزىدە يارىتىلىش غايىسىگە ماس شەكىلدە بىر ھايات بەرپا قىلسۇن دېگەن مەقسەتتە چۈشەنچە نوقتىسىدىن يېڭىدىن شەكىللەندۈرىدۇ. ۋەھيي ئىنساننى تۆۋەندىكى تۆت شەكىلدە قايتىدىن شەكىللەندۈرىدۇ:

1 . ئۇقۇملىرى بىلەن تەسەۋۋۇرىنى
2 . تەۋسىيەلىرى بىلەن ئەقلىنى
3 . ئۆرنەكلىرى بىلەن خاراكتېرىنى
4 . بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ھاياتنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدۇ.

## ۋەھيي قايسى شەكىلدە كېلىدۇ؟

بۇ سوئالغا قۇرئان شۇرا سۈرىسى 51 – ئايەتتە « تۆۋەندىكى ئۈچ يول بىلەن كەلگەن » جاۋابنى بېرىدۇ:

1 . تۇيۇقسىز شەكىلدە ئىنسان دىلىغا سېلىنغان بىر ئىلھام يولى بىلەن.

2 . بىر پەردە ئارقىسىدىن كەلگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھى كالامنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ۋاقىتتىكى « دەرەخ »، مانا بۇ « پەردە » رولىنى ئوينىغان ( قەسەس، 30 ).

3 . ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرىئىل ئارقىلىق كەلگەن.

## ۋەھيىنىڭ مەقسىتى نېمە؟

ۋەھيىنىڭ مەقسىتى:
ئىنسان مەركەزلىك ھايات
ئىمان مەركەزلىك ئىنسان
بىلىم مەركەزلىك ئىمان

ھەقىقەت مەركەزلىك بىلىم بەرپا قىلىش بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ مەركىزىدە بىر سۈپىتى « ئەل ھەق » بولغان اللّٰه يەر ئالماقتا.

ۋەھيي ئىنساننى ۋاقىتنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، ۋاقىتنىڭ ساھىبى قىلىدۇ.

ۋەھيي ئىنساننى ھاياتنىڭ ئۇلغى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتنىڭ چەۋاندىزىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ۋەھيي ئىنساننى مال – مۈلۈكنىڭ قۇلى بولۇشتىن خالاس قىلىپ، مال – مۈلۈككە شاھىت قىلىدۇ.

ۋەھيي ئىنساننى شەيئىلەرنىڭ غوخسى، ئاللاھنىڭ بەندىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

# ۋەھيىنىڭ رېئال ھاياتتىكى قىممىتى نېمە؟

ۋەھيىنىڭ رېئال ھاياتتىكى قىممىتى، ئىنساننى ئۆز نەپسى ۋە ئازدۇرغۇچى شەخسىيەتچىلىكنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشتىن ساقلاش، ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى توغرا ۋە تولۇق ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن:

1 . ۋەھيي ئىنسانغا بەلگىلىك چەكلىمە قويىدۇ ۋە يارىتىلىش غايىسىنى ئۆگىتىدۇ. ئىنسان بۇ چەكلىمىلەر سايىسىدە گاڭگىراشتىن خالىي بولىدۇ ۋە ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانغا تولۇق بويسۇنۇشتىن ئالغان بىر ئىچكى ھوزۇرنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ئەندىشىسىگە بېرىلگەن جاۋاپتۇر.

2 . ۋەھيي ئىنسانغا ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان ۋەھيي ئەينىكىدە ئۆزىنى كۆزىتىدۇ ۋە ئۆزىنى تونۇيدۇ. ئۆزىنى تونۇغان، ئۆزىنى بىلىدۇ. ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ.

3 . ۋەھيي ئىنسانغا ئاللاھنى تونۇتىدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئىككى يولى بار. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ سۆزى بولغان ۋەھيي؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ئەسەرى بولغان تەبىئەت. ۋەھيي بىزگە پەقەت سۆز ئارقىلىق ئاللاھنى قانداق تونۇيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسى ئارقىلىقمۇ ئاللاھنى قانداق تونۇيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن « سۆز » بولغان قۇرئاننى تەشكىل قىلغۇچى پارچىلارغا بەرگەن « ئايەت ( كۆرسەتكۈچ ) » ئاتالغۇسىنى، تەبىئەتنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرگىمۇ ئىشلىتىدۇ.

4 . ۋەھيي ئىنسانغا، ئىنساننىڭ تەتقىق قىلىش يولى بىلەن بىلەلمەيدىغان غەيب ۋە باقىي ئالەمنى تونۇشتۇرىدۇ. مەۋجۇدلىقى ئىنسان ئىدراكىدىن ھالقىغان بىر تەرەپ ( غەيب )نىڭ بارلىقى مۇتلەق. بۇ تەرەپ ھەققىدە ئىنسان بىلمەي تۇرۇپ سۆز قىلسا، ھەر خىل سۇيئىستىمالغا يول ئاچىدۇ، خۇراپات ۋە باتىل ئېتىقاد پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىر خىل يالغان مېتافىزىك

بولۇپ، غەيب ھەققىدىكى مەلۇماتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئاللاھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلمى ئىنسان ئىدراكىدىن ھالقىغان غىيابى مەخلۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ۋەھيي ئاللاھنىڭ ئىنسان ئىدراكىدىن ھالقىغان ھەقىقەت ( غەيب )لەر ھەققىدىكى مەلۇماتىنى بىزگە يەتكۈزىدىغان ئىلاھى مەنبەدۇر.

## قۇرئان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

قۇرئان – دائىم ئۇقۇلىدىغان، مەنىسى چەكسىز بولغان، ئوقۇش بىلەن مەنىسى تۈگەپ قالمايدىغان دېگەنلىكتۇر.

قۇرئان لەبزى بىر قېتىم، مەنىسى سانسىز قېتىم نازىل بولغان ئىلاھى كالام بولۇپ، قۇرئان ئۈچۈن ئۆتمۈش زامان شەكلى بىلەن « ئوقۇپ تۈگەتتىم » دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەر ئەلچىگە بېرىلگەن مۆجىزە ئۆز دەۋرىگە ۋە ماكانىغا خىتاپ قىلغان. قۇرئاننىڭ ئۇلاردىن پەرقى، پۈتۈن زامان ۋە ماكانغا خىتاپ قىلغان « تىرىك مۆجىزە » ئىكەنلىكى بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ بۇ ياكى شۇ قىسمىدا قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتكۈچى تەسىر كۈچى سەۋەبىدىن، ھاياتىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرگەن سان – ساناقسىز ئائىلە ۋە ئەر كىشىنىڭ مەۋجۇت بولىشى بۇنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى. ئىنساننى ئۆزگەرتىشنىڭ، كۆنۈپ قالغان ئادەتلىرىدىن ۋازكەچكۈزۈشنىڭ، ھايات شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ قىيىنلىقى نەزەرگە ئېلىنغاندا، قۇرئاننىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئان، بېشى ئەرشتە ئايىغى زېمىندا بولغان بىر خىتاپ بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى مەنىنى، ئايىغى لەبزىنى تەمسىل قىلىدۇ.

قۇرئان يېزىلغان بىر تېكىست شەكلىدە ئەمەس، سۆز شەكلىدىكى بىر خىتاپ ئۇسلۇبى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە ﷲ تەرىپىدىن ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرىئىل ئارقىلىق نازىل قىلىنغان. ئىلاھى ۋەھيي خۇددى بىر ئىلخەتنىڭ كومپيوتىر ئېكرانىدا كۆرۈنگىنىدەك ﷲ رەسۇلىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا نامايەن بولغان، ئۇ يەردىن كەلىمە ۋە جۈملىلەرگە ئايلىنىپ ئەلچى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈلگەن.

# قۇرئان قانداق كىتاب؟

قۇرئان مەككىدە كىشىلەر « ئەل – ئەمىن » دەپ ئاتىغان ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان دىلىغا ( زېھنىگە ) مىلادى 610 – يىلى نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم ھىرا غارىدا نازىل بولغان. قۇرئان تۇنجى قېتىم نازىل بولغان جاي، بۈگۈنمۇ شۇ پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى تەخمىنەن 23 يىل داۋام قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان مىلادى 632 – يىلىدا توختىغان. قۇرئان تاماملىنىشىنى « بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، نېمىتىمنى تاماملىدىم » ( مائىدە، 3 ) ئايىتى بىلەن خەۋەر بەرگەن.

قۇرئان ھەر بىرىگە « سۈرە » ئىسمى بېرىلگەن 114 بۆلۈمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ بۆلۈملەرنىڭ تېمىلىرى، نازىل بولغان مەزگىلدىكى ۋەقەلەرگە ماس ھالدا پەرقلىنىدۇ. ھەر سۈرىنى تەشكىل قىلغان مەنا بۆلەكلىرى « ئايەت » دەپ ئاتىلىدۇ. ئايەتلەردىن تەشكىل قىلىنغان قىسىم « نەجىم » دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان تۇنجى قېتىم يازما بىر تېكىست شەكلىدە ئەمەس، سۆزلۈك شەكلىدىكى خىتاپ ئۇسلۇبىدا نازىل بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ۋەھيي كاتىپلىرىغا يازدۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بۇ يازما پارچىلار يىغىلىپ، تۈپلىنىپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب « مۇسھاب » دەپ ئاتالغان.

بۈگۈن نوپۇسى ئىككى ملياردقا يېقىنلاشقان ئىسلام دۇنياسىدا، بارلىق مۇسۇلمانلار ئوخشاش بىر كىتاب قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. گەرچە مۇسۇلمانلار ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ قولىدىكى قۇرئان ئوخشاش. تارىخ جەريانىدا ۋە كۈنىمىزدە قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە، چۈشۈنۈشتە ئوخشاشماسلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان.

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ:

1. مەككە دەۋرى ۋە دەۋەت قۇرئانى. بۇ مەزگىل ئەلچىلىكنىڭ 1 – يىلى بىلەن 13 – يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆكتىچىلەر شەكلىدە

ياشىغان مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى - بالاغەتنىڭ مەنىنىڭ ئالدىدا تۇرىشىدۇر. ئايەتلەر قىسقا ۋە تاۋۇش ماسلىششچانلىقى ناھايىتى روشەن. ئاساسەن ئەخلاق ۋە ئېتىقاد ئاساسلىرى تېما قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان قۇرئان « دەۋەت قۇرئانى » ئىدى.

2. مەدىنە دەۋرى ۋە دۆلەت قۇرئانى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى بىلەن باشلاپ ۋاپاتى بىلەن ئاخىرلاشقان 10 يىللىق بىر مەزگىل بولۇپ، ھاكىمىيەت ۋە دۆلەت مەزگىلى ئىدى. بۇ قېتىم مەنا بالاغەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بولۇپ، ئايەتلەر ئۇزۇن ۋە تەپسىلىي بولغان. ئىبادەت ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان. بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان قۇرئان « دۆلەت قۇرئانى » ئىدى.

## قۇرئان ئانا تېما جەھەتتىن نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟

قۇرئاننىڭ ئانا تېمىلىرى تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك:

1. ئەخلاق
2. ئەقىدە
3. تارىخىي مىساللار
4. ئىبادەتلەر
5. شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلە قائىدىلىرى

## قۇرئان نېمە ئۈچۈن بىر تېمىدىن يەنە بىر تېمىغا ئاتلايدۇ؟

قۇرئان ھاياتنىڭ تەبىئىي ئېقىمى ئىچىدە 23 يىللىق بىر زامانغا يېيىلغان ھالدا نازىل قىلىنغان. بۇ ئۇنىڭ « مۇقەددەس كىتاب » ئەمەس، ئەكسىچە « ھاياتقا ئاكتىپ ئارىلىشىدىغان كىتاب » ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ھاياتنىڭ ئۆزىدىن سۆز قىلغان « ھايات كىتابى » ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان بۇ سەۋەپتىن تۇنجى ئوقۇغان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان كىشى، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى كىتابلارغا ئوخشاش « كىرىش - يۇقىرى پەللە - خاتىمە » قىسمىنى كۆرەلمەيدۇ. كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى قۇرئان ئۈستەل بېشىدا پىلانلانغان بىر تېكىست ئەمەس، رېئال ھاياتقا بىر جاۋاپ ۋە ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە 23 يىللىق بىر جەرياندا نازىل بولغان يول كۆرسەتكۈچ. قۇرئاننىڭ مەزمۇنى بىلەن رەڭدار رېئال ھايات بىر - بىرىگە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان ھاياتقا ئوخشاش تەرتىپلىك، ھاياتقا ئوخشاش مۇرەككەپ. ھاياتقا ئوخشاش رەڭدار، ھاياتقا ئوخشاش بىر ئۆرنەك بولۇپ، ھاياتقا ئوخشاش روشەن، ھاياتقا ئوخشاش سىرلىق؛ ھاياتقا ئوخشاش تونۇش، ھاياتقا ئوخشاش يېڭىلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر.

قۇرئان باشتىن ئاياغ ئوقۇلغاندا شۇ ھەقىقەت كۆزگە چېلىقىدۇ: ۋەھيى بىلەن ھايات ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ، دۇئا قىلغان بىر كىشى بىلەن ئۇ دۇئاغا جاۋاپ بەرگەن الله ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

# قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىمۇ؟

مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ. بۇ بىر ئىمان ئاساسىدۇر. بۇ ئىماننىڭ ئۇلىدا، « ئىمان » سۆزىنىڭ ئەخلاقى ئىپادىسى بولغان «ئىشەنچ» يەر ئالىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللّٰه نامىدىن يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە ئۇنىڭ سەمىمى ۋە تەپسىلاتى ھەممىگە مەلۇم بولغان ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي ئالغاندىن كېيىنكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھاياتىنىڭ مەنبەسى قۇرئان ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىككى يۈزلىكىنىڭ ۋە يالغانچىلىقىنىڭ زەررىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى دۈشمەنلىرىنىڭ ئېغىزدىمۇ « ئەل – ئەمىن ( ئىشەنچلىك كىشى ) » ئىدى. بىر كىشىنىڭ دۇرۇس كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك گۇۋاھلىق، دۈشمەنلىرى بەرگەن شاھىتلىقىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمىن بولىشىنىڭ قۇرئاندىكى دەلىلى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى ئازارلىغان ئايەتلەرنىڭ قۇرئاندا مەۋجۇت بولىشى بولۇپ، مەككىنىڭ كاتتىلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىدىن سوئال سورىغان بىر ئەما كىشىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق شەكىلدە ئازارلانغان ( ئەبەسە، 3-4 ). غازاتقا بارماسلىق ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان مۇناپىقلارغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن « اللّٰه سېنى كەچۈردى، نېمىشقا ئۇلارغا رۇخسەت بەردىڭ؟! » ( تەۋبە، 43 ) دەپ ئازارلانغان. داۋاسىدا ھەقلىق بولغان بىر يەھۇدىي بىلەن داۋاسىدا ھەقسىز بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ داۋاسىنى ئايرىشتا، داۋاسىدا ھەقلىق بولغان يەھۇدىي تەرەپتە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئازارلانغان (نىسا، 105، 107 ). مۇناپىقلارنىڭ جىنازە نامىزىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىدلەنگەن ( تەۋبە، 84 ). ئۆزى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمىغان ئىككى ۋەقە، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ۋەھيي ئارقىلىق كىشىلەرگە ئاشكارە قىلىندۇ ( ئەھزاپ، 37؛ تەھرىم، 1 ).

قۇرئاننىڭ مەنبەسىنىڭ ئىلاھىي ئىكەنلىكىنىڭ باشقا بىر دەلىلى، قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەرگە، ۋەقەلەرگە ۋە قايغۇ ـ ئەلەملەرگە يەر بېرىلمىگەنلىكى بولۇپ، قۇرئاندا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۈچۈن بىر سۈرە ئايرىلغان. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەققىدە بىرمۇ ئايەت يوق. ئۇنىڭ ھاياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان تۇنجى ئايالى خەدىچە، تاغىسى ۋە ھامىيسى ئەبۇ تالىب، ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلغان ئوغلى ئىبراھىم ۋە باشقا پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپاتى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ مىساللارنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ مەنبەسىنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىنىڭ باشقا بىر ئىسپاتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىشى مۇمكىن بولمىغان بەزى مەلۇماتلارنىڭ قۇرئاندا يەر ئېلىشى بولۇپ، مەسىلەن: ئالەم بوشلۇقىنىڭ كېڭىيىدىغانلىقىنى بايان قىلغان زارىيات سۈرىسى 47 – ئايەت؛ ئاسمان ۋە يەرنىڭ باشتا بىر – بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن ھالەتتە ئىكەنلىكى، كېيىن ئايرىلغانلىقى ۋە ھەر شەيئىنىڭ سۇدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئەنبىيا سۈرىسى 30 – ئايەت؛ زېمىننى تۇخۇمغا ئوخشاتقان شەمس سۈرىسى 6 – ئايەت؛ شامالنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرغانلىقىنى بايان قىلغان ھىجر سۈرىسى 22 – ئايەت؛ بۇلۇتلارنىڭ يامغۇرنى قانداق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ئىبراھىم سۈرىسى 20 – ئايەت بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتمۈشتىن ئەلچىلەرگە ئائىت مەلۇماتلار ۋە رۇم سۈرىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئىران سانسانىي دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەر ( رۇم، 2، 5 ) بۇنىڭغا مىسالدۇر.

قۇرئاننىڭ مەنبەسىنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە باشقا بىر دەلىلى، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىمان ھەرىكەتلىرىدىن بىرىنىڭ، قۇرئان تەربىيەلەپ چىققان ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا تارىخنىڭ شاھىت بولىشى بولۇپ، مۇھەممەدى چاقىرىقى بىر قانچە ئەسىر ئۆتمەي تۇرۇپلا، بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشقانلار ياشىغان جاينىڭ ئەڭ غەربتە ئىبەرىق يېرىم ئارىلىدىن شەرقتە ھىندىنوزىيىگىچە، جەنۇپتا سەيلان ۋە سۇماتىرادىن شىمالدا كافكازىيە ۋە سىبىرىيەگىچە كېڭەيدى. ئىسلامنىڭ تارىخي جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ۋە ئىنسان غەلىبىسىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى قۇرئان – ۋەھيىدۇر. بۇ جەھەتتىن قۇرئاننىڭ ۋەھيي بولىشىنىڭ قىيامەتكىچە

ھەر كىشىگە ئوچۇق بىرىنچى دەرىجىلىك ئىسپاتى، ئۇنىڭ ئىنساندىكى ئۆزگەرتكۈچى تەسىرىدۇر. قۇرئانىنىڭ خىتاپ قىلىنغۇچىسى ئۈستىدىكى تەسىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. كىشىنىڭ قۇرئانغا ئىمانى ئاشقانسىرى، قۇرئانىنىڭ ئۇ شەخس ئۈستىدىكى ئۆزگەرتكۈچى تەسىرىمۇ ئاشىدۇ.

## قۇرئانىنىڭ مۇھاپىزە قىلىنىشى ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەر ئېلىنغان؟

نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئېلىنغان دەسلەپكى تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ۋەھيىنىڭ يېزىق ھالىتىدە مۇھاپىزت قىلىنىشى

قۇرئانىنىڭ تۇنجى نازىل بولغان بۆلۈمى ئىچىدە « ئۇ ئىنسانغا قەلەم بىلەن ( خەت يېزىشنى ) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى ( ئەلەق، 4-5 ) » ئايەتلىرى ئارقىلىق، رەسۇلۇللاھقا ۋەھيىنى يېزىق ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەنىدى. بۇ ئىشارەتنى دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرسىدە يەر ئالغان « قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى ( قەلەم، 1 ) » ئايىتىدىمۇ كۆرىمىز.

ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەپ مەدەنىيىتى يازما ئەمەس، سۆز ھالەتتىكى مەدەنىيەت ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىشارەتنى ئالغاندىن كېيىن، سۆز شەكلىدىكى مەدەنىيەت ئاساسي ئورۇندا تۇرىدىغان مەككىدە، يېزىق ئاساس قىلىنغان يېڭىچە بىر دەۋرنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى. ۋەھيىنى يېزىق شەكلىدە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن 23 يىل جەريانىدا 40 قا يېقىن ۋەھيي كاتىپى ئىشلىتىلگەن. بۇ نوقتىدىن ۋەھيىنى تۇنجى قېتىم يىغقۇچى رەسۇلۇللاھ ئىدى. ۋاپات بولغان كۈنى ۋەھيي كاتىپلىرىغا يازغۇزغان ۋەھيي قەغەزلىرى كارۋىتىنىڭ باش تەرىپىدە ئىدى.

2. ناماز ئارقىلىق ۋەھيىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى

قۇرئاندا تۇنجى نازىل بولغان ئەلەق سۈرىسى نامازنى تىلغا ئالىدۇ ( 10 – ئايەت ). بۇ دەسلەپكى مۇئمىنلەر ھاياتىدا نامازنىڭ قۇرئان بىلەن تەڭ دىيمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز، قۇرئاننى ئېلىپ يۈرىدىغان خورجۇنغا ئوخشايدۇ. نامازسىز قۇرئان ئوقۇش ئەمىر قىلىنغان بولسىمۇ، قۇرئانسىز ناماز ئوقۇش مۇمكىن

ئەمەس: « قۇرئانسىز ( فاتىھەسىز ) ناماز بولمايدۇ » ( بۇخارى، ئەزان 95 ). ناماز ھەر مۇئمىنگە پەرز. بۇ، ناماز ئوقۇغان ھەر مۇئمىن مەجبۇرىي ھالدا قۇرئان ئوقۇيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان نامازلاردا، قۇرئاننى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ يادا ئالغانلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى.

قۇرئاننىڭ ناماز بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىشىنىڭ ئىككىنچى شەكلى مەدىنىدە پەرز قىلىنغان جۈمە نامازلىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئوقۇغان تەخمىنەن 500 گە يېقىن خۇتبە بار. ئۇنىڭ خۇتبىلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى قۇرئان ئىدى. ئۇ خۇتبىلىرىدە ئومۇمەن قۇرئان ئوقۇيتتى. بۇمۇ قۇرئاننىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىش شەكلىدىن بىرى.

3. ۋەھيىنىڭ يادا ئېلىش شەكلىدە مۇھاپىزەت قىلىنىشى

دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇئمىنلەر، نازىل بولغان ۋەھيىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بىر نەرسىلەرگە يېزىۋېلىپ يادا ئالاتتى. بۇ ئارقىلىق بەزى ساھابىلەر ئۆزىگە خاس مۇسھاب ( كىتاب )لىرىنى شەكىللەندۈردى. رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا، نازىل بولغان ۋەھيىلەرنى ( ئايەتلەرنى ) يېزىپ ئۆزىگە خاس مۇسھابلارنى شەكىللەندۈرگەن 16 گە يېقىن ساھابە بار ئىدى. ساھابىلەر يېزىپ ماڭغان بۇ شەخسىي مۇسھابلار بىلەن بۈگۈن قولىمىزدىكى رەسمىي مۇسھابلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش، لېكىن سۈرىلەرنىڭ تەرتىۋىدە پەرق بار. چۈنكى سۈرىلەرنىڭ تەرتىۋىدە ھەر كىشى ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇپ ئىشلەتكەن.

قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ سەپداشلىرى تەرىپىدىن باشتىن ئاخىرى يادا ئېلىنغان بىر كىتابقا ئايلانغانىدى. قۇرئاننى باشتىن ئاياق يادا ئېلىش « ھېفز »، يادا ئالغۇچى « ھافىز » دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئاننى باشتىن ئاخىرى يادا ئېلىش ئىشى تارىخ بويىچە كۈنسېرى ئېشىپ ماڭدى ۋە قۇرئان جانلىق بارماق دىسكىلار ۋاستىسى بىلەن 1400 يىلدىن بۇيان نەسىلدىن نەسىلگە يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا ھافىزلارنىڭ سانىنى مىليۇنلار بىلەن ئىپادىلىسەكمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ.

تۇنجى نازىل بولغان ئايىتى « ئوقۇ! » ئەمرى بىلەن باشلىغان قۇرئاننى ئوقۇش ھىرىسى، مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتلەردە، ئوقۇش نىسبىتىنى ھېچقانداق بىر دەۋرىدە كۆرۈلمىگەن شەكىلدە يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

## قۇرئان ۋەھيي كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق يېتىپ كەلگەن؟

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئالتە ئاي بويىچە تاشقىي دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇ زامان ئىچىدە، قۇرئاننى رەسۇلۇللاھ ۋەھيي كاتىپلىرىغا يازدۇرغان قەغەزلەردىن ئۆزىگە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىققان.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، مۇئمىنلەرنىڭ قولىدىكى ئۆزلىرى يېزىۋالغان نۇسخا ۋە يادا ئېلىۋالغان ئايەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئىككى شاھىت ئارقىلىق سېلىشتۇرۇلۇپ بىر كىتاب ( مۇسھاب ) ھالىغا كەلتۈرۈلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇ دەۋرىدە، زەيد بىن سابىت باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت تەرىپىدىن سۈرە تەرتىۋىي شەكىللەندۈرۈلۈپ بۈگۈنكى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. 3 – خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇ، بۇ كۆپەيتىلگەن نۇسخىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت نۇسخىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ پەرقلىق مەركەزلىرىگە ئەۋەتكەن.

كۈنىمىزدە دۇنيانىڭ ھەر جايىدا ھىجرى 1 – ئەسىرگە تەۋە بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان، 14 ئەسىرلىك مۇسھابلار تېپىلىدى. بۇلاردىن بىرسى يەمەندە، ئىككىسى ئىستانبۇلدا، بىرى قاھىرەدە، بىرى سانپېتېربۇرگتا ( تاشكەنت نۇسخىسى، تولۇق ئەمەس )، بىرسى لوندۇندا ( تولۇق ئەمەس ). بۇ نۇسخىلار، بۈگۈن قولىمىزدىكى مۇسھابلار بىلەن ئوخشاش. پەقەت بەزى كىچىك ئىملا پەرقى بار. بۇ ئىملا پەرقى، ئەرەپ ئېلىپبەسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان ھەرىكەلەر ( بەلگىلەر ) سىستېمىسىنىڭ پەرقلىق ئوقۇش شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە كاتىپلارنىڭ يېزىشتىكى پەرقلىق ئۇسلۇبى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقماقتا. بۇ ئىملا پەرقلىرى، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

## ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ بىر تەرتىۋى بارمۇ؟

ئىككى خىل تەرتىۋى بار:

1. ئايەت تەرتىۋى

2. سۈرە تەرتىۋى

ئايەتلەرنىڭ تەرتىۋى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بولغان. قۇرئاندىكى ئايەتلەر نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ بۇلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى، ۋەھيي كاتىپلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاساسەن ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇلارنى نامازلاردا ۋە جۈمە نامىزى خۇتبىلىرىدە ئوقۇيتتى، كىشىلەر سۈرىلەرنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ يادا ئالاتتى.

سۈرىلەرنىڭ تەرتىۋى ئۆز ئىچىدىن ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

1. رەسمىي تەرتىپ – بۇ تەرتىپ بۈگۈن قولىمىزدىكى رەسمىي مۇسھابتىكى سۈرىلەرنىڭ تىزىلىش شەكلى بولۇپ، بۇ خىل تىزىلىش 3 – خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، تۇنجى قۇرئان نەسلىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن.

2. نازىل بولۇش تەرتىۋى – بۇ تەرتىپتە قۇرئان سۈرىلىرى نازىل بولغان تەرتىپ ئاساس قىلىنغان. ساھابىلەرنىڭ شەخسى مۇسھابلىرىدىكى بۇ تەرتىپ بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەرقلەرگە ئىگە.

## ئىسلامدا ئەقىلنىڭ ئورنى قانداق؟

قۇرئان، خىتاب قىلىنغۇچىلىرىدىن ئەقلىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر كىتاب. قۇرئان بۇ چاقىرقىنى قايتا – قايتا تەكرارلايدۇ. ئەقلىنى ئىشلىتىشكە بۇنچە تەرغىپ قىلغان باشقا بىر « مۇقەددەس » كىتاب يوق.

قۇرئاندا ئەقىل ( ئاقل ) ئىسىم شەكلىدە كەلمەيدۇ، ئەمما پېئىل شەكلىدە ( تائاققۇل ) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۈچ نوقتىنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئەقىلنىڭ ئاكتىپ شەكىلدە ئىشلىتىلگەندە بار بولىدىغان، ئىشلىتىلمىگەندە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان پەرىشتە ئىكەنلىكىنى.

2. قۇرئاننىڭ ئاكتىپ، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە كارغا كېلىدىغان بىر ئەقىلگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى.

3. قۇرئاننىڭ ئەقىلگە قارىتا تۇغۇلۇشتىن بار بولغان مۇستەقىل، مۇتلەق نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان بىلىم ( ئىلىم )نى 850 يەردە تىلغا ئالىدۇ، ئىما قىلىدۇ. بىلىم ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قۇرئاننىڭ ھەر قېتىم بىلىمنى ئىما قىلىشى، ئەسلىدە ئەقىلگە قارىتىلغان.

# ئەقىل ھەققىدە قۇرئاندىن مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟

ئىسلامنىڭ ئەقىلگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك:

« پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى اللَّه ئازاپقا گىرىپتار قىلىدۇ » ( يۇنۇس، 100 ).

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ( ھەقنى ئاڭلىماي ) گاس بولۇۋالغان، ( ھەقنى سۆزلىمەي ) گاچا بولۇۋالغان، ( ياخشى – يامانىنى پەرق ئەتمەي ) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر » ( ئەنفال، 22 ).

« ئاللاھقا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق » ( ئەئراف، 130 ).

« شەك – شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا ( يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن ) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى ( ئەقىل ئىشلىتىدىغان قەلىپ ) بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى ) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر » ( ئەئراف، 179 ).

« ... بۇلاردا ( ئايەتلەر، ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەردە ) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ) نۇرغۇن دەلىللەر بار » ( رەئىد، 4 ).

« اللَّه ( ئۆلۈكنى ) تىرىلدۈرىدۇ، ( تىرىكنىڭ ) جېنىنى ئالىدۇ، كېچە – كۈندۈزنىڭ ئۆزگۈرۈپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟ » ( مۇئمىنۇن، 80 ).

« ... چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز » ( رۇم، 28 ).

« سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز – نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز – نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ( يەنى

ئەلچى ) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق » ( فاتىر، 37 ).

## ئەقىل بىلەن ۋەھيىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

قۇرئاندا، جەھەننەمگە تاشلانغانلارنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغان بىر ئايەتتە « ئەقلىنى ئىشلىتىش » بىلەن « ۋەھيىگە قۇلاق سېلىش » بىر – بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ: « ئەگەر بىز ( ئەلچىنىڭ سۆزلىرىنى ) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدىن بولماس ئىدۇق » ( مۈلك، 10 ). بۇ، قۇرئان توغرا ئىشلىگەن ئەقىل بىلەن بۇزۇلمىغان ۋەھيىنىڭ، ئىنساننى ھەقىقەتكە ئۇلاشتۇرۇشتا تەڭ دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان يەر، ئاسمان، قوياش، ئاي، كېچە، كۈندۈز ... قاتارلىق تەبىئەت ۋە كائىناتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنى « ئايەت » دېگىنىدەك، ئۆزىدىكى سۈرىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى پارچىلارنىمۇ « ئايەت » دەيدۇ.

« ( بۇ ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز – نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر » ( ساد، 29 )

« ھەر قاچان ئۇلارغا: < اللّٰه نازىل قىلغان نەرسىگە ( يەنى اللّٰه ئەلچىسىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا ) ئەگىشىڭلار > دېيىلسە، ئۇلار: < ياق، ئاتا – بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز > دېيىشىدۇ. ئاتا – بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟ » ( بەقەرە، 170 ).

« بىلىڭلاركى، ( ئەقىل ئىشلىتىدىغان ) دىللار ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرى ( اللّٰه ) نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ » ( رەئىد، 28 ).

## قۇرئان كونا ۋە يېڭى ئەھدىكە قانداق قارايدۇ؟

قۇرئان كونا ۋە يېڭى ئەھدى ( ھەزرىتى مۇسا ۋە ئىسا ئۈممىتىگە بېرىلگەن كىتابلار ) مەنبەسىنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە روھبان ( دىنى ئۆلىمالار ) تەبىقىسى تەرىپىدىن ھەم لەبىز ھەم مەنا جەھەتتىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلغانلىقىنى ۋە ئەسلىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## قۇرئاندا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار ھەققىدە سۆز قىلىنامدۇ؟

قۇرئاندا يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ھەققىدە كۆپ توختىلىدۇ. لېكىن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ھەممىسى بىر تاياقتا ھەيدەلمەيدۇ. ياخشىلىرى ماختىلىدۇ، ئازغۇنلىرى ئەيىبلىنىدۇ. مەسىلەن:

« ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن ( يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن ) كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر. ئۇلار ھەر قانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ. ﷲ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ ماللىرى، باللىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھەرگىز ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ؛ ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ » ( ئالئىمران، 113 – 116 ).

« ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە ( يەنى قايتا - قايتا سۈيلىمىگىچە ) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ » ( ئالئىمران، 75 ).

# رەسۇل (ئەلچى) لارغا ئىمان دېگەن نېمە؟ ئىنسانغا نېمە پايدىسى بار؟

ئەلچىلەرگە ئىمان:

1. ئاللاھنىڭ ھاياتقا ئاكتىپ ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش بولۇپ، الله كائىناتنى ۋە مەۋجۇدىيەت دەرىخىنىڭ باش تاجى بولغان ئىنساننىڭ يارىتىپ تاشلاپ قويمىغان. ئەلچىلەر، ئاللاھنىڭ ئىنساننى تاشلاپ قويمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، الله ئىنسانىيەت تارىخىغا ئەلچىلەر ئارقىلىق ئاكتىپ ئارىلىشىپ تۇرغان.

2. ئاللاھنىڭ ئىنسانغا يول كۆرسەتكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش بولۇپ، ئەلچىلەر ئۈلگىلىك كىشىلەردۇر. الله ئىنسانغا ئۆز جىنسىدىن بولغان بىرسىنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئۆز جىنسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلماقتا.

3. ياخشىلار ۋە ياخشىلىقنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش بولۇپ، ئەلچىلەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پاسسىپ ياخشىلىرى ئەمەس، ئاكتىپ ياخشىلىرى. ئۇلار باشقىلاردىن ھېچقانداق بىر نەرسە تاما قىلماستىن، ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتىگە ئاتىغان كىشىلەر بولۇپ، قۇرئاندا ئۇلاردىن 28 كىشىنىڭ ئىسمى ۋە قىسسىسى بايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە ياخشىلارنىڭ ئۇنتۇلمايدىغانلىقى تەكىتلەنمەكتە.

## ئەلچىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى نېمە؟

بارلىق ئەلچىلەر ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ئىنسانغا ئۆرنەك بولالايدۇ.
ئەلچىلەرنىڭ ھاياتى، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئۆلگە قىلغىلى بولمايدىغان ھايات بولماستىن، ئۇلارغا ئوخشاش ياشىغىلى بولىدىغان بىر ھاياتتىن ئىبارەت.
ئەلچىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەر، شۇ ياكى بۇ دەۋر ۋە ماكاندا قىيامەتكىچە بىراۋنىڭ بېشىدىن ئۆتىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ئىبارەت.
ئەلچىلەر بىلەن بىر دەۋردە بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دەۋرىگە قايتىش شەرت ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى بۈگۈنمۇ داۋام قىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئۆز دەۋرىمىزگە ئېلىپ كېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئەلچى بولۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئەلچى كىم؟

ئەلچىلىك، ئىنسانىيەتكە ئىچىلغان ئىلاھى كۆزنەك بولۇپ، ئىنسانىيەت شاھىت بولغان ئەڭ ئۆزگىچە تەلىم – تەربىيە ئورگىنىدۇر. بۇ ئىنسانىيەت مۇئەللىملىرى تەتىل ۋە دەم ئېلىشقا چىقىشنى بىلمەيدۇ. ئەلچىلىك دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر خالىسانە ئورگاندۇر.
ئەلچى، ئاللاھنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، الله تەرىپىدىن ۋەزىپە بېرىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ھەر ئىنسان قانداق بىر قانۇنىيەتكە تەۋە بولغان بولسا، ئەلچىلەرمۇ شۇ قانۇنىيەتكە تەۋە. ئۇلار تۇغۇلىدۇ، يەپ – ئىچىدۇ، قايغۇرىدۇ، خوشال بولىدۇ، ئاغرىپ قالىدۇ، ئۆلىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن كەلگەن خەۋەرنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن، شۇ پېتى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. الله نامىدىن قەتئىي يالغان گەپ قىلمايدۇ. الله بەلگىلىگەن دائىرىدە ئىش قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتىنى ئاللاھنىڭ داۋاسىغا ئاتىغان كىشىلەردۇر.

## ئەلچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمە؟

پەرىشتە ئەمەس ئىنسان ( فۇسسىلەت، 6 ).
ئېلىپ كەلگەن تەلىماتنى پەقەت يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماستىن، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئۈلگىلىك شەخسلەردۇر ( ئەھزاپ، 21 ).
ھەر دائىم راستىچىل ۋە دۇرۇست بولغۇچىلاردۇر ( مەريەم، 41 ).
قېيىنچىلىقلار ئالدىدا سەبىر قىلغۇچىلاردۇر ( ئەنبىيا، 85 - 86 ).
قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ ( ھۇد، 51 ).
ھەممىسىنىڭ دىنى بىر. ئەقىدە، مەقسەت ۋە مۇددىئاسى بىر. ئوخشىماسلىقلار پەقەت دىن تىلى، ئۇسلۇب ۋە تەدبىقلاشتا كۆرۈلىدۇ ( مائىدە، 48 ).

## بىر ئەلچى نېمىلەرنى قىلالمايدۇ؟

ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ ( ئالىئىمران، 79 ).
ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قاچالمايدۇ ( ساففات، 140 ).
ئۆز ئىختىيارى ۋە ئۆز رايى بويىچە ۋەھىي ( ئايەت ) ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ( غافىر، 78 ).
ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنى يوشۇرالمايدۇ ( ھاققە، 44 ).
ﷲ رازى بولمىغان بىر كىشىنى ئەلچى شاپائەت قىلالمايدۇ ( زۇمەر، 44 ).
قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيدۇ ( نازىئات، 43 ).
ئىدراكتىن ھالقىغان ھەقىقەت ( غەيب )لەرنى ئۆزلىكىدىن بىلەلمەيدۇ ( ئەئراف، 188 ).
ئۆزىگە ۋە باشقا بىرسىگە ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ( ئەھقاف، 9 ).

ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ ( قەسەس، 56 ).

اللّٰہ ھالال قىلغاننى ھارام، ھارام قىلغاننى ھالال قىلالمايدۇ ( تەھرىم، 1 ).

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟

ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد مىلادى 571 – يىلى مەككىدە تۇغۇلغان، 632 – يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئائىلىسى مەككىدىكى يۈز – ئابرويلۇق جەمەتلەردىن ھاشىملار قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە. ئۇ يېتىم ھالدا چوڭ بولغان ( زۇھا، 6 ) بولۇپ، دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئالتە يېشىدا ئانىسىمۇ ۋاپات بولغان. يېتىم ۋە ئىگە – چاقىسىز قالغان مۇھەممەد، مەككىنىڭ رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. ياش ۋاقتىدا تىجارەت قىلغان بولۇپ، بۇ مەقسەتتە شامغا بارغان. مەككىدە ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن « ئىشەنچلىك كىشى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەل ئەمىن دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان.

راستچىل، دۇرۇست بولىشى، ئەمگەك – دەسمى شېرىكچىلىكى بىلەن بىللە تىجارەت قىلغان دەسمىدار خەدىچىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. كېيىن ئۇ ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بولغان خەدىچە بىلەن توي قىلغان. بۇ ۋاقىتتا خەدىچە 40 ياشتا ۋە ئۈچ پەرزەنتى بار تۇل ئايال بولۇپ، مۇھەممەد 25 ياشتا ۋە تۇنجى قېتىم توي قىلىشى ئىدى. بۇ خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن 4 ياكى 6 پەرزەنتى بولغان.

ئۆمرىنىڭ 53 يىلىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 40 يېشىدىن باشلاپ ھاياتىنى قۇرئان تەلىملىرىنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھاياتىغا قەست قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ قالغان 10 يىلىنى مەككىدىن يوشۇرۇن ھالدا چىقىپ، ھىجرەت قىلىپ بارغان مەدىنىدە ئۆتكۈزگەن. مەدىنىدىكى مەزگىلىدە ئۆرنەك بىر ئىسلام جەمئىيىتى بەرپا قىلىپ، قۇرئان چاقىرقىنى يەتكۈزەلەيدىغان جايلارغا يەتكۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولغان. مەدىنىدىكى دەسلەپكى بەش يىل

مەدىنە ئىسلام جامائىتىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئۆتكەن. مانا بۇ بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە جەڭنىڭ سەۋەبى. ئالتىنچى يىلىدىكى ھۇدەيبىيە سۇلھى بىلەن مەككە مۇشرىكلىرى مەدىنە ئىسلام جامائىتىگە قارىتا تەھدىد بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان. بىر يىلدىن كېيىن خەيبەرنىڭ پەتىھ قىلىنىشى بىلەن مەدىنە ئىسلام دۆلىتى رايۇن خاراكتېرلىق كۈچكە ئايلانغانلىقىنى نامايەن قىلغان. سەككىزىنچى يىلى ئۆلۈم تەھدىدى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان مەككىگە تىنچ ھالدا قايتىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار، شۇ يىلىدىكى ھۇنەيىن ئۇرۇشى بىلەن بۇ رايۇندا مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي تەھدىدنى يوقاتقان.

مەدىنىدە سالغان جامىنىڭ يېنىدىكى ھوجرىسىدا شەمسىيە كالىندارى بويىچە 11 – رەبىئۇل ئەۋۋەل ( مىلادى 632 – يىلى 8 – ئىيۇن ) دە ۋاپات بولغان ۋە ۋاپات بولغان ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنغان. ۋاپات بولغاندا 63 ياشتا ئىدى. ھازىر مەقبەرىسى مەدىنىدە، يەنى تۇنجى دەپنە قىلىنغان جايىدا بولۇپ، 14 ئەسىردىن بۇيان زىيارەتچىلەرگە ئوچۇق بولۇپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسى قاچان، قەيەردە، قانداق كەلگەن؟

ئەلچى بولۇشتىن بۇرۇن، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بۇ رايۇندا مەلۇم بولغان ھېچقانداق بىر دىنى ئۇنۋانى يوق بولۇپ، ھېچقانداق بىر دىنى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالمىغانلىقى، ھېچقانداق بىر دىنى تەبىقە بىلەن باردى – كەلدى قىلمىغانلىقى، ھېچقانداق بىر دىنى تەشكىلات ياكى پائالىيەتكە قاتناشمىغانلىقى مەلۇم. ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە كۆرگەن ئادالەتسىزلىك ۋە ئەخلاقى گۇمراھلىق سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرغان. بۇ مۇئامىلە ئۇنىڭ ھايات ۋە ئىنساننىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلىنىشىغا سەۋەپچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن « ئىزدىنىش » مەنىسىدىكى ھىرا غارىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تەپەككۇرغا باشلىغان.

ھەزرىتى مۇھەممەد 40 ياش ۋاقتىدا تۇنجى ۋەھيي مىلاد 610 – يىلىنىڭ ياز پەسلىدە كەلگەن رامىزان ئېيىدا، مەككىدىكى ھىرا غارىدا كەلگەن ( بەقەرە، 185؛ قەدىر، 1 ). ۋەھيي پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: « ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن » بىلەن باشلانغان تۇنجى ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن ( ئەلەق، 1 ). تۇنجى ۋەھيي « مەۋجۇدىيەت ۋە ھەقىقەتنىڭ بىلىمى» ھەققىدە ئىدى. ئىنسان مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى بارلىق كۆزىتىش ۋە تەپەككۇرىنى « ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن » قىلىشى، بىلىمنى ئۇنىڭدىن ئايرىماسلىقى كېرەك. بىر سەنئەت ئەسەرىنى ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقارغۇچى سەنئەتكاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغاندەك، ئاللاھنىڭ ئەسەرى بولغان مەۋجۇدىيەتلەرنىمۇ ياراتقۇچىسىدىن ئايرىم ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھالدا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ تۇنجى ۋەھيي بىلەن بېرىلگەن ئۇچۇرنىڭ ماھىيىتى.

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئېغىر كۈنلىرى

تۇنجى ۋەھىيلەر بىۋاستە رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرگەن ۋەھىيلەر ئىدى. مەسىلەن: دەسلەپتە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ بىرسىدە، ئۇنىڭدىن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا رەببىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيلەرنىڭ مەنىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان ھالدا ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ( مۇززەممىل، 1 – 11 ). ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمدە ئۇنى « ئاكتىپ ياخشىلاردىن » بولۇشقا چاقىرغان « ئورنۇڭدىن تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر » ( مۇدەسسىر، 1 – 2 ) بۇيرىق ئىدى. ئۇ، بۇ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، ئالغان ۋەھىيگە ھېچنەرسىنى قوشۇپ قويماي ياكى ئېلىۋەتمەي يېقىن ئەتراپىدىن باشلاپ يەتكۈزۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭغا ئەڭ باشتا ئىشەنگەنلەر ئايالى خەدىچە، جىيەنى ئەلى، خەدىچەنىڭ قۇلى زەيد، دوستلىرىدىن ئەبۇ بەكرى، ھەبەشىستانلىق قۇل بىلال، رىملىق ئازاد قىلىنغان قۇل سۇھەيب قاتارلىقلار ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان ياشلاردىن بىرى بولغان ئەرقام، ئۆيىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئان تەلىمى بېرىدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇرغان. دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا نۇرغۇن كىشى بۇ ئۆيدە تۇنجى قېتىم قۇرئان ئاڭلىغان ۋە ئاللاھقا تەسلىم بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەككىلىكلەرنىڭ بېسىمىمۇ ئاشقانىدى. مەككىلىك مۇشرىكلەر مۇئمىنلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مۇئامىلىدە بولغان.

1. سۈكۈت قىلىش.
2. مەسخىرە قىلىش.
3. تۆھمەت ۋە ھاقارەت قىلىش.
4. بېسىم قىلىش ۋە قىيناش.

4. باسقۇچ، ئەلچىلىكنىڭ 13 – يىلىدا ( مىلادى 622 – يىلى ) مەدىنىگە ھىجرەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

كەبىدە ھىمايە قىلغۇچىلىرى ئاز بولغان بەزى مۇئمىنلەر قىيىن – قىستاق جەريانىدا شېھىت بولدى. زىننىرە، ياسىر ۋە سۈمەييە بۇلاردىن بىر قانچىسى.

بېسىم ۋە قىيىن – قىستاق كۈچەيگەندە، يەنى ئەلچىلىكنىڭ 5 – يىلى بىر گۇرۇپپا مۇئمىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھىجرى 7 – يىلىغىچە 15 يىل ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ھەبەشىستان ھاكىمىيىتى ئۇلارنى پاناھلانغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى.

مەككىلىك مۇشرىكلار مۇئمىنلەرگە قارشى ئۈچ يىل داۋام قىلغان قامال سىياسىتى يۈرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ھەم ئېتىقادىدىن ياندۇرۇش ھەم يالغۇزلاشتۇرۇپ ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن ئۆز ئارا كېلىشەلمەي ئۈچىنچى يىل بۇ قامال رەسمىي شەكىلدە ئەمەلدىن قالدى.

مەككىدىكى بۇ ئېغىر شارائىت رەسۇلۇللاھنى باشقا ماكان ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ماكان مەككە ئەتراپىدىكى تائىپ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلۇللاھ تائىپقا بۇ مەقسەتتە باردى، لېكىن ئۇلار رەسۇلۇللاھنى چالما - كېسەك قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. مەككىدىكى دەۋەتنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىلىنى ئۇ كۈنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تائىپتىن يارىلانغان ھالدا چىققان بولۇپ، جان بىخەتەرلىكى خەۋپ ئاستىدا بولغاچقا، تۇغۇلغان يۇرتىغا پەقەت كونا ئىتتىپاقداش جەمەتلەردىن بىرىسىنىڭ ھىمايىسى بىلەن مەككىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئاچچىق ۋەقەدىن كېيىن، كېيىنكى مەزگىلدە مەدىنە دەپ ئاتالغان يەسرىپ شەھىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىسىدىن ئازساندا كىشىلەر ئۇنىڭ دەۋىتىدىن تەسىرلەندى. بىر يىلدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ گۇرۇپپا ھالىتىدە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنى يۇرتىغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشتا باشقا مۇئمىنلەر يەسرىبكە ھىجرەت قىلدى. مۇشرىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن 100 تۆگە مۇكاپات قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ مىلادى 622 – يىلى ستىراتېگىيلىك جەھەتتىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلانغان خەتەرلىك بىر سەپەر ئارقىلىق يەسرىبكە ھىجرەت قىلدى.

# تۇنجى نازىل بولغان ۋەھيىلەر نېمە ھەققىدە ئىدى؟

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى 23 يىل داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بىرىنچى بەش ئايەت بولۇپ، بۇ ئايەتلەر بىۋاستە خىتاپ قىلىنغۇچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغاندى. جۈملە بۇيرۇق جۈملە شەكلىدە كەلگەن. بۇ، ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنىڭ خىتاپ قىلىنغۇچىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ تېمىسى « بىلىم » ھەققىدە بولۇپ، « ئوقۇ! » بۇيرىقى، « مەلۇماتلىق بول، ئۆگەن » دېگەنلىك بولىدۇ. ئىقرا، « پارچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈنگە ئېرىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىجما دېگەنلىك بولىدۇ. « ئوقۇ! » بۇيرىقىنى بەرگۈچى مەلۇم، بۇيرىقنى ئالغۇچى مەلۇم، نېمىنى ئوقۇيدىغانلىقى نامەلۇم. بۇ ئەھۋالدا جۈملىنىڭ يوشۇرۇن تولۇقلىغۇچىسى « ھەممە نەرسىنى ئوقۇ » شەكلىدە بولىدۇ. تۇنجى ئايەتنىڭ ئىزاھاتى مۇنداق: « ئىچىدىكى بارلىق شەيئى بىلەن بىللە كائىنات ئوچۇق بىر كىتاب؛ سەن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە ئۇنىڭ نامىدىن ئوقۇ! بۇ يېتەرلىك بولىدۇ ». تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

« ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى » ( ئەلەق سۈرىسى. 1 – 5 ).

بۇ يەردە باشلىغان قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش جەرياني رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 23 يىل داۋاملاشقان.

قۇرئان، ۋەھيي ئېلىشتىن بۇرۇن پاسسىپ ياخشى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەدنى ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا چاقىرغان. بۇ سەۋەپتىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇشنى ۋە بەرپا قىلىشنى بۇيرىغان:

« ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى! كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ( چۈشەنگەن ئاساستا ئالدىرماي دانە - دانە، ئوچۇق ) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن

ئېغىر سۆز ( قۇرئان )نى نازىل قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى ( تىرىلىشى ) قالدۇرىدىغان ئىز چوڭقۇر بولىدۇ. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئالدىراش بولىسەن. رەببىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، ( ھاياتىڭنى ) ئۇنىڭغا بېغىشلا. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن) » ( مۇززەممىل، 1 - 9 ).

قۇرئاندا ئۈچىنچى قېتىمدا نازىل بولغان ئايەتلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پاسسىپ ياخشىدىن ئاكتىپ ياخشى بولۇشقا چاقىرغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا:

« ئى كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى! تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. رەببىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ھەر تۈرلۈك ( ماددى ۋە مەنىۋى ) كىردىن يىراق بول. ياخشىلىقنى تىرىكچىلىك يولى قىلىۋالما. رەببىڭ ئۈچۈن سەۋر قىل » ( مۇددەسسىر، 1 - 7 ).

دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرسى، مۇسۇلمانلار ھەر نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئوقۇيدىغان قۇرئاننىڭ كىرىش سۆزى بولغان فاتىھە سۈرىسى بولۇپ:

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. اللہ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. ( رەببىمىز ) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ( باشلىغىن ) ».

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچى بولۇشىغا قارىتا دەسلەپكى ئىنكاسلار نېمىلەر ئىدى؟

ئۇ ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن پاسسىپ ياخشى ئىدى، ۋەھيي ئۇنى « ئاكتىپ ياخشى » قىلدى. پاسسىپ ياخشى ۋاقتىدا ئۇنى « ئىشەنچلىك كىشى ( ئەل ئەمىن )» دەپ باش تاجى قىلغان مەككىنىڭ كاتتىلىرى، ئۇ قۇرئان بىلەن ئويغىنىپ ئويغاتقۇچى ئاكتىپ ياخشى بولغاندا، ئۇنى « ساراڭ، جىن چاپلىشىۋالغان كىشى ( ئەل – مەجنۇن ) » دېيىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھېچكىمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر كىشىدىن، داۋاسىنى جېنىنى تىكىپ قوغدايدىغان، ھېچ مۇرەسسە قىلمايدىغان بىر كىشىگە ئايلىنىشى ئىدى. ئەلچى بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەلىتە بىر ئەھۋال كۆرۈلمىگەن. ئەگەر بونداق ئەھۋال سادىر بولغان بولسا، « بۇرۇن ئۇنىڭدا مۇنداق غەلىتە بىر ئىش بولغانىدى، بۇ ئۇنىڭ سېھرىگەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى » دېيىشەتتى. لېكىن بۇنداق بىر سۆز قىلالمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى دادا بىلەن بالىنى، ئەر بىلەن ئايالنى بىر – بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى، بۇنى سېھىر ئارقىلىق قىلغانلىقىنى داۋا قىلىشتى. چۈنكى يېڭى مۇئمىنلەر شۇنچە بېسىم، قورقۇتۇش، ھەتتا قېيىن – قىستاققا قارىماي ئىمانلىرىدىن ۋازكەچمىگەنىدى. مۇشرىكلار بۇنى « سېھىرلەنگەن » دەپ قارىغان.

مەككىلىك مۇشرىكلەر رەسۇلۇللاھقا قارىتا تۆت باسقۇچلۇق قارشى تۇرۇش پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلدى. باشتا كۆرمەسكە سېلىشتى، ئاندىن مەسخىرە قىلىشتى، ئاندىن تۆھمەت قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. رەسۇلۇللاھقا شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلاتتىكى، ئۇ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ئۇنىڭغا تۈكۈرەتتى، ھاقارەت قىلاتتى. ھەتتا بىر قېتىم كەبىدە ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بوينىغا تۆگىنىڭ ئۈچەي – باغرىنى ئېسىپ قويۇشقان.

ئۇ بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە پەرۋا قىلماي، ۋەھيي رەھبەرلىكىدە ئالغا قاراپ ئىلگىرلىدى. بىردىن – بىردىن دەۋەت ئاساسىدىكى « شەخس مەركەزلىك دەۋەت

» باسقۇچىدىن كېيىن، « ئىجتىمائىي جەمئىيەت مەركەزلىك دەۋەت » باسقۇچىغا ئۆتتى. ئۇ مەككىلىكلەرگە « ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەڭلار، نىجاتلىققا ئېرىشىڭلار! » دەيتتى. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا دەسلەپتە ئاۋاز قوشقانلار ئەخلاقى گۇمراھلىقتىن ۋە ئادالەتسىزلىكتىن پەرياد چەككەن كىشىلەر بولدى. ئەرقامنىڭ ئۆيىنى قۇرئان مەكتىپىگە ئايلاندۇرغان رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتى ھەممىدىن بەك ياشلار، قۇللار، ئاياللار ۋە ئۇۋۋالچىلىققا ئۇچرىغانلار ئارىسىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن.

مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىنى ئۇچۇق – ئاشكارە ئەيىبلىگەن نەجم سۈرىسى چۈشكەندىن كېيىن، مەككىلىك مۇشرىكلار يېڭى ئىسلام جامائىتىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھىمايىچىسى يوق قۇللار ۋە قەبىلە ياردىمى بولمىغان كىشىلەر دەسلەپكى ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغان. بېسىم قاتتىق كۆچەيگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ يېڭى مۇسۇلمانلارنى ئادىل بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەبەشىستانغا بېرىشقا بۇيرىدى. بۇ ۋەقە ئەلچىلىكنىڭ 5 – يىلى ئەتراپىدا بولدى. ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلار ئۇ يەردە 15 يىل تۇردى. ھىجرەتنىڭ 7 – يىلى خەيبەر پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىجازەت بېرىلدى. چۈنكى خەيبەرنىڭ پەتھى، مەدىنە ئىسلام جامائىتى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى ئىدى. ئىسلام جامائىتىنىڭ كېلەچىكى بۇ پەتھى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدى.

## قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق تونۇشتۇردى؟

1. ۋاپات بولىدىغان بىر ئىنسان ( كەھف، 110؛ فۇسسىلەت، 6 ).
2. ئاللاھنىڭ بەندىسى ( نەجم. 10 ).
3. نەبى ۋە ئەلچى( رەسۇل ) ( ئالئىمران، 144 ).
4. گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ( قەلەم، 4 ).
5. ئىنسانىيەتكە رەھمەت ( ئەنبىيا، 107).
6. ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ( ئەھزاپ، 40).
7. پەقەت ئاللاھقا دەۋەت قىلىپ خوش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى ( ئەھزاپ، 46 ).
8. ۋەھيي نۇرى بىلەن چاقنىغان بىر نۇرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ( ئەھزاپ، 46 ).
9. مۇئمىنلەر ئۈچۈن شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئابىدىسى ( تەۋبە، 128 ).

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان رەسۇل ( ئەلچى ) ئىكەنلىكى نېمە ئۈچۈن تەكىتلىنىدۇ؟

مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئىككىنچى شەرتىدە، ھەزرىتى مۇھەممەد ( س ئە ۋ )نىڭ « بەندە ۋە ئەلچى » ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. بۇ ئەلچىنىڭ ئىنسانىي كىملىكىگە قارىتىلغان ئەسكەرتىشتۇر.

اللّٰه قۇرئاندا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ باشقا ئەلچىلەرگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ:

« ( ئى مۇھەممەد ) ئېيتقىنكى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان » ( كەھف، 110 ).

« مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ ئەلچىلەر ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ » ( ئالئىمران، 144 ).

بۇ تەكىتلەشتە ئوخشاش بولمىغان گۇرۇپپىلارغا ئىما قىلىنغان مەنىلەر بار:

1. ئەلچىنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرگە: ئەلچىنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭلارنى زەھەرلىمەڭلار.

2. ئەلچىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆرنەك قىلالمىغانلارغا، يەنى ئۇنى ئۆرنەك قىلالمايمەن، ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلالمايمەن دېگۈچىلەرگە، ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىدى.

3. ئىنساننى گۇناھكار دەپ قارايدىغان ۋە ئىنساندىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەرگە - ئىنسان ئاللاھنىڭ ئۈمىدى. چۈنكى ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولالىغىدەك دەرىجىدىكى مەرتىۋىلىك مەۋجۇدىيەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نېمە؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىلاھىي ۋەھيىگە « ئەلچىلىك قىلىش » بولۇپ، بۇ ئەلچىلىك تۆۋەندىكىدەك ئالتە نوقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. نۇبۇۋۋەت: اللّٰه ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن يول كۆرسەتكۈچنى ۋەھيي ئارقىلىق ئۆز پىتى ئېلىش ( ئەئراف، 157 - 158 ).

2. رىسالەت: ئالغان ئىلاھى يول كۆرسەتكۈچنى قوشۇپ قويمىغان ياكى كېمەيتىۋەتمىگەن ھالدا ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ( ئەھزاپ، 40 ).

3. ئۈسۋە ھەسەنە: مۇئمىنلەرگە ھاياتىدا ئۈلگە قىلالايدىغان ئۆرنەك، ئۈلگىلىك بىر كىشى بولۇش ( بەقەرە، 143؛ ئەھزاپ، 21 ).

4. تەبلىغ ۋە دەۋەت: كىشلەرنى يەتكۈزگەن ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىش (شۇئەرا، 216 ).

5. تەلىم: ئىلاھىي بۇيرۇقنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ياشاپ ئۇلارغا ئۆرنەك بولۇش ( بەقەرە، 151 ).

6. تەبيىن: ئىلاھىي تەلىماتلارنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ( نەھل، 44 ).

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىملەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن؟

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ( ئەنبىيا، 107 ). چۈنكى قۇرئان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاپ قىلىدۇ ( ئەئراف، 158 ). قۇرئان « ئى ئىنسانلار! »، « ئى ئادەم باللىرى! » شەكلىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاپ قىلغان بىر ۋەھىيدۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقىي يەرشارىۋى پۈتۈنلىشىش مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنغان.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە تىنچلىقپەرۋەر ئىدى، مەدىنىدە نېمە ئۈچۈن تىنچلىقنىڭ ئورنىنى ئۇرۇش ئالدى؟

بۇ ھەقسىز چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان شەرقشۇناسلار، بۇنىڭغا مەدىنىدىكى ئۇرۇشلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھەزرىتى مۇھەممەد ( س ئە ۋ )نىڭ مەدىنىدە ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشلارغا ئايرىم – ئايرىم قاراپ باقايلى:

بەدىر ئۇرۇشى – مۇداپىئە مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بولۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇمى سەۋەپلىك بولغان. مۇشرىكلارنىڭ سانى مۇئمىنلەردىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشى - مۇداپىئە مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بولۇپ، مەككىلىكلەر بەدىرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەككىدىن 450 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەدىنىگە يۈرۈش قىلغان. ئۇرۇش مەدىنىگە 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇھۇدتا بولغان.

خەندەك ئۇرۇشى - مۇداپىئە مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بولۇپ، رايۇندىكى پۈتۈن مۇشرىكلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، مەدىنىنى مۇھاسىرە قىلغان. مۇئمىنلەر خەندەك كولاپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، مۇشرىكلار مۇھاسىرىنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەتكەن.

خەيبەرگە يۈرۈش قىلىش – خەيبەرلىكلەر مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان، مۇھاسىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خەيبەرنى ئۆزلىكىدىن تاپشۇرۇغان.

مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى – بۇ ئىسلامنىڭ مەركىزى بولغان ۋە كەبە باغرىدا جايلاشقان مەككىنى بۇتپەرەسلىكتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش بولۇپ، پىلانلانغان شەكىلدە زىيادە قان تۆكۈلمەستىن مەككە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. رەسۇلۇللاھ شەھەرگە كىرگەندە « بۈگۈن

ئىنتىقام كۈنى » دەپ جار سالغان قۇماندانىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان.

ھۇنەيىن ئۇرۇشى – ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئاخىرقى ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر تەتقىقاتچى پروفېسسور دوكتۇر مۇھەممەد ھامىدۇللاھنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن ھاياتىدىن ئايرىلغان كىشى 200 ئەتراپىدا.

قۇرئانىنىڭ مەغپىرەت ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا چاقىرغان تەشەببۇسلىرىنىڭ مەككە بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقى توغرا ئەمەس. مەدىنە يەھۇدىيلىرىنىڭ، رەسۇلۇللاھقا ۋە ئىسلام جامائەتچىگە قارشى ھەر تۈرلۈك سۈيىقەست قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت. مانا بۇ ئايەت، مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ تۇرۇپ، ئىسلام جامائەتچىگە قارشى دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلاشقان يەھۇدىيلارغا قارىتا ئوخشاش نەرسىنى بۇيرىماقتا:

« ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، كەچۈرگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ » ( مائىدە، 13 ).

يەنە مۇئمىنلەرگە ئاچچىغىنى بېسىۋېلىشقا بۇيرىغان شۇ ئايەت مەدىنىدە نازىل بولغان:

« تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اللّٰه يولىدا ( پۇل – مال ) سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر. اللّٰه ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ » ( ئالئىمران، 134 ).

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئەقلى قىرام يېشىغا يەتكەن بىر مەزگىلدە كەلگەن. ئۇنىڭ نەبىلەر زەنجىرىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى بولىشى، قۇرئاننىڭ ئىپادىسى بىلەن « نەبىلەرنىڭ ئاخىرقىسى » ( ئەھزاپ، 40 ) بولىشى، ئىنسان ئەقلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەلچى كەلمەيدىغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يول كۆرسەتكۈچلىكنىڭ كىشىدىن پرىنسىپلارغا ئۆتكەنلىكى شەكلىدە چۈشىنىش كېرەك. بۇ دەۋر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتكە، لىدىر مەركەزلىك دۇنيانىڭ ئورنىغا، قىممەت - قاراش ئاساس قىلىنغان دۇنيا نىشان قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شەخسلەرنىڭ يول باشلامچىلىقى ئورنىغا، پرىنسىپلارنىڭ، يەنى قىممەت – قاراشنىڭ يول باشلىغۇچى بولىشى ئىما قىلىنغان.

## مۇسۇلمانلار ئەلچىلەرگە ئىبادەت قىلامدۇ؟

ياق، ئىبادەت قىلمايدۇ. بۇ ئىسلام ئېتىقادىدا « شېرىك » بولۇپ، بىر مۇئمىننىڭ ئاللاھتىن غەيرىگە ياكى بىر شەيئىگە ئىبادەت قىلىشى، ئەڭ ئېغىر گۇناھ بولغان شېرىك قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ كىشى مەيلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسۇن ۋەياكى باشقا بىرسى بولسۇن پەرق قىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام تەۋھىد دىنى بولۇپ، تەۋھىد « ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوق » پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار قىلغان ھەر نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئاللاھقا مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ: « پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز » ( فاتىھە، 4 ). ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش، ئۇ

كىشىگە ئىلاھلىق سۈپىتى بەرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاللاھتىن ھەسسە ئېلىش تەشەببۇسى بولۇپ، ئاللاھتىن غەيرىگە ئىلاھلىق سۈپىتى بېرىش، دىندىن چىققانلىق بولىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك بولىشىنىڭ رېئال ھاياتتىكى نامايەندىسى نېمە؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت قۇرئاننى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى ھاياتىغا تەدبىقلىغۇچىدۇر. قۇرئاننىڭ تۇنجى خىتاپ قىلىنغۇچىسىدۇر. رەپىقىسى ئائىشە ( ر ئە ) بىر سوئالغا « ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان » ئىدى دەپ جاۋاپ بەرگەن ( ئىبنى ھەنبەل، 6:91 ). قۇرئان دىنىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ رېئال ھاياتقا تەدبىقلىنىشى ئىدى. ئەمەلىي مەنبە بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى قۇرئان شەكىللەندۈرگەنىدى. قۇرئان، يېتىش ياكى ئېرىشىش قىيىن بولغان « ئۈلۈك كىتاب » ئەمەس، ئەكسىچە « ھايات كىتابى »دۇر. قۇرئان مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاي ئىگە بولىشىنى خالايدۇ. بۇ قولاي تەدبىقلاش ۋە ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش، قۇرئان تەكلىپ قىلغان ھايات شەكلى ئۈچۈن بولۇپ، قۇرئان ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇش شەكلى ھەزرىتى مۇھەممەد ( س ئە ۋ )نىڭ خاراكتېرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن.

## سۈننەت ۋە ھەدىس دېگەن نېمە؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە نامايەن بولغان قۇرئانى ياشاش شەكلىنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان ئۆلىمالار، قۇرئانىنىڭ ئىش – ھەرىكەتكە تەدبىقلىنىشىنى « سۈننەت » دەپ ئاتىغان. « سۈننەھ » ئاتالغۇسى قۇرئاندا ھەر تىلغا ئېلىنغان يەردە ئالالاھقا نىسبەت قىلىنغان ھالدا كېلىدۇ. لېكىن كېيىنكى مەزگىلدە ئىگە بولغان مەنا، قۇرئاندا ئەلچىگە نىسبەت بېرىلگەن شەكىلدە ئىشلىتىلمىگەن. « سۈننەت » ئۇقۇمى دەسلەپكى مەزگىلدە ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇل بولغاندىن كېيىن قىلغان ئىش – ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئۇقۇم دائىرىسىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالالاھنىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىش – ھەرىكەتلىرى كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسان بولغانلىقى، ئەرەپ بولغانلىقى، مەككىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىش – ھەرىكەتلىرى دەسلەپتە سۈننەت دائىرىسىدە يوق ئىدى. لېكىن كېيىنكى زامانلاردا قۇرئان چۈشكەن خەلقنىڭ ئەنئەنىلىرىمۇ بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

ھەدىس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىت دەپ قارالغان سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، سۆز دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەدىسنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى بولغاندەك، خاتا ياكى يالغان بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. سۈننەت بىلەن ھەدىس ئارىسىدا زۆرۈرى بىر مۇناسىۋەت يوق. سۈننەت ئاساسەن « ئىش - ھەرىكەت »، ھەدىس « سۆز »نى كۆرسىتىدۇ. ئىچىدە سۈننەت بايان قىلىنغان ھەدىسلەر بولغاندەك، سۈننەت بايان قىلىنمىغان ھەدىسلەرمۇ بار. بىر ھەدىسنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى قۇرئان بەلگىلەيدۇ. قۇرئانغا سېلىنغاندا قۇرئان رەت قىلمىسا، ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىدىكى شەرتلەردىن بىرى بولغان رىۋايەت قىلغۇچىلار زەنجىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇپ - بولمىغانلىقى بەلگىلەيدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىش – ھەرىكىتىنىڭ سۈننەت ياكى ئەنئەنە ئىكەنلىكى قانداق ئايرىلىدۇ؟

بۇنىڭغا بىر مىسال ئارقىلىق جاۋاپ بېرەيلى. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىيىنگەن شەكىلدە كىيىنىش سۈننەت دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇناسىۋەتلىك. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچى بولۇشتىن بۇرۇن ۋە ئەلچى بولغاندىن كېيىن كىيىنىش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغانمۇ ياكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائي جەمئىيەت كىشىلىرىدىن پەرقلىق شەكىلدە كىيىنگەنمۇ؟ بۇ خىل سوئاللارنىڭ جاۋابى « ياق، ئۇنداق بولمىغان ». ئۇنداقتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىنىش ئادىتىنى « ئىبادەت » قاتارىدا ئەمەس، « ئۆرپ ـ ئادەت » ياكى « ئەنئەنە » دائىرىسىدە چۈشىنىش كېرەك.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشامدۇ؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجەر ئىسىملىك ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغانلىقىنى مۇسۇلمانلار بىردەك قوبۇل كۆرىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان يەھۇدىيلارمۇ تەستىقلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 21 – ئەجدادى ئادنانغىچە ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 – ئەسىر ) بىلىنمەكتە. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ھازىرچە نامەلۇم.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى قانداق؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام « ئەلچىلەر ئاتىسى » دەپ ئاتىلىدۇ. كەبىنى قايتا سالغان كىشى ( بەقەرە، 127 ) بولۇپ، قۇرئان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش « گۈزەل ئۈرنەك » دەپ كۆرسىتىدۇ ( مۇمتەھىنە، 4 ). قۇرئاندا شەرتسىز ئىماننىڭ ۋە تەسلىمىيەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ « اللّٰه دوستى » دەپ ماختىلىدۇ ( نىسا، 125 ).

## خىرىستىيان مەنبەلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مەلۇمات بارمۇ؟

قۇرئان، تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خوش بىشارەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ( ئەئراف، 157؛ سەپ، 6 ). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىنجىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتنى تۆۋەندىكى بەش نوقتا توغرىلايدۇ:

1. يۇھاننا ئىنجىلىدا مەريەم ئوغلى ئىسادىن كېيىن كېلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن پەرىكلىتوس ( بۇزۇلغان شەكلى پاراكلىتوس ) ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان بايانلار ( ماتتا، 14:16-17،25-26،30؛ 15:26؛ 16:17، 12-15 ). بۇ كەلىمە ئارامىچىدىن سۇريانچىگە، ئۇنىڭدىن گرېكچىگە كىرگەندە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن كەلىمىنىڭ ئەسلى تونۇغلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن. كەلىمىنىڭ سۇريانى تىلىدىكى ئەسلى شەكلىگە ئېرىشكەنلەر « كۆپ ماختالغان، مەدھىيلەنگەن » مەنىدىكى مۇنھامەننا سۆزىگە ئېرىشكەن. بۇ كەلىمىنىڭ سۈپەت ۋە ئىسىم شەكلى ئەھمەد ۋە مۇھەممەد. ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىمۇ رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ئۆز دىنى مەنبەلىرىدە تاپقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. مەنبەلىرىمىزدىكى شەكلى

بىلەن فاراكلىت ( يۇھاننا، 14، 16؛ مۇقەددەس روھ ئۇقۇمى ) مەسىلىسى، ھىجرى 2 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بايقالغان ( ئەس – سىرا، 1، 251 – بەت ).

2. يۇھاننا ئىنجىلىدە، ئۆز ۋاقتىنىڭ چوڭ يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ھەزرىتى يەھيانىڭ مەسىھمۇ ياكى ئىلياھمۇ ۋەياكى « ھېلىقى ئەلچى» بولۇپ - بولمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغان. يەھيا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندا مۇنداق دېيىشكەن: « سەن مەسىھمۇ، ئىلياھمۇ ۋە ھېلىقى ئەلچىمۇ ئەمەس ئىكەنسەن، نېمشقا كىشلەرنى ئۆزەڭ تەرەپكە چاقىرىسەن؟ » ( فاتىھا 1:19،25 ). بۇ يەردە مەسىھ ئىسمى بىلەن مەريەم ئوغلى ئىسا، ئىلياھ ئىسمى بىلەن ئىلياس كۆزدە تۇتۇلغان. « ھېلىقى ئەلچى » ئۈچۈن يالغۇز بىر تاللاش قالىدۇ: « ماختالغان » ئەھمەت.

3. لۇكا ئىنجىلىدىكى ئەۇدوكىئا دەيدىغان بىر ئىپادە بار. بۇ كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىكى شەكلى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا، قېلىن بىر تامغا ئۇچرايسىز. ھەقىقىي بىر ئىنجىل مۇتەخەسسىسى بولغان ۋە سابىق سۇريانى پوپ بەنژامىن كەلدانى ( ئابدۇلئەھەد داۋۇد )، بۇ كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنبەدىكى شەكلىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققان ( ئىنجىل ۋە سالىب، ئىستانبۇل 1999 ).

4. مىلادى 496 – يىلىغىچە ئىشەنچلىك دەپ قوبۇل قىلىنىپ چىركاۋلاردا ئوقۇلغان، كېيىنكى مەزگىلدە پاپا گىلاسىئۇس « ئازغۇن كىتاب » دەپ ئېلان قىلىپ، چەكلىگەن بارناباس ئىنجىلىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئەرەپچە شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس، لېكىن بۇ ئىنجىل ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، 14 ياكى 16 – ئەسىرگە ئائىت بولغان ئىتالىيچە تەرجىمە نۇسخىسى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. 18 – ئەسىردە بايقالغان ئىسپان تىلىدىكى نۇسخىسى كېيىنكى مەزگىلدە سىرلىق شەكىلدە غايىپ بولغان. ئەسلىدىكى شەكلىگە ئاساسەن 1907 – يىلىدا ئوكسفوردا پرەس تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەرنىڭ، ئىككى نۇسخىسىدىن باشقا ھەممىسى سىرلىق شەكىلدە غايىپ بولغان. بەرناباس ئىنجىلى چىركاۋنىڭ 1500 يىللىق يوقۇتۇش پىلانى سەۋەبىدىن ھەر قېتىمدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، بۈگۈنگىچە مەخپىي شەكىلدە ساقلانغان بىر قانچە تەرجىمە شەكلى يېتىپ كەلگەن. چىركاۋنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەدبىرى، ئۆزى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى

سەۋەبىدىن ئىبرانىي بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ، « قاراڭلار، بۇنىڭ ئەسلى شەكلى ئىنىق ئەمەس » دېيىش بولدى.

5. « ئىنجىل » سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى. بۇ ھەقتە پۈتۈن تەتقىقاتلاردىن چىققان نەتىجە « خوش خەۋەر » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. « كېلىشى كۈتۈلگەن خوشال قىلغۇچى خەۋەر » خوش خەۋەر دېيىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىنجىل خوشخەۋەر بەرگەن كېلىشى كۈتۈلگەن « شادلاندۇرغۇچى خەۋەر » نېمە ئىدى؟ بۇ سوئالغا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىما قىلىپ « ئەھمەد » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ( سەپ، 6 ).

## بىر مۇسۇلمان مۇسا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىسا مۇسۇلمان بولالامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

شۇنداق، مۇسۇلمان بولالمايدۇ. قۇرئان مۇئمىنلەرگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: « ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز » ( بەقەرە، 285 ). مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياكى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغۇچى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئاساسەن مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەت بۇ پرىنسىپنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

كىشى ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئىمانىدا دۇرۇست بولغان بولسا، اللّٰه ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماسلىقتەك تاللاش ھەققى بولمايدۇ. ئەلچىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراش، ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئورنىغا ئۆز خاھىشىنى قويىغانلىق بولىدۇ. ئەسلى مەسىلە مانا بۇ. ھەقىقىي ئىمان، ئۆزىمىز « ئېتىقاد » دەپ بەلگىلىۋالغان نەرسە ئەمەس، بەلكى اللّٰه « ئىمان » دەپ كۆرسەتكەن ئاساسلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

# ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا قۇرئاندا قانداق نەتىجە چىقىدۇ؟

قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسى ھەققىدە قانچە ئايەت بار؟ سوئالىنىڭ ئوچۇق ۋە ئېنىق جاۋابى، يەنى « ھېچقانداق ئايەت يوق ». قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت يوق.

قۇرئاننىڭ ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر ئۈچۈن بۇنىڭدا غەلىتە تۇيۇلىدىغان بىر ئەھۋال يوق. چۈنكى قۇرئان اللّٰه تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىتاب بولۇپ، قۇرئاننىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزى يوق. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ۋە شەخسىي تۇرمۇشى ئارلاشمىغان مۇستەقىل بىر كىتاب. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ خۇشاللىنارلىق ۋەقەلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان. مەسىلەن: ئەڭ ئامراق تۇنجى ئايالى ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپاتى، ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتى، ئۈچ يىللىق قامال مەزگىلىدە بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەر، ۋەقەلەر، تائىپتىن چالما – كېسەك قىلىنىپ قوغلاپ چىقىرىلىشى، باشقا ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشى، ئارقا – ئارقىدىن ۋاپات بولغان قىزلىرى، ئامراق نەۋرىلىرىنىڭ تۇغۇلىشى، ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرگەن يىگانە ئوغلى ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلىشى ۋە كۆز يېشى قىلىشقا سەۋەب بولغان ۋاپاتى...

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم ھەققىدە قانچە ئايەت بار؟

110 دىن ئارتۇق ئايەت بار. قۇرئاندا « مەريەم » ئىسىملىك 98 ئايەتتىن تەركىب تاپقان بىر سۈرە بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنبىيا سۈرىسى 91، مۇئمىنۇن سۈرىسى 50، بەقەرە سۈرىسى 253، ئالئىمران سۈرىسى 35 – 37، 42 - 47 ۋە نىسا سۈرىسى 156، 171، مائىدە 75، 110 – ئايەتلەرنى بۇنىڭغا قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا يەنە « مەريەم ئوغلى ئىسا »نىڭ ئىپادىلىرى قوشساق مۇناسىۋەتلىك ئايەت سانى تېخىمۇ ئارتىدۇ.

## قۇرئاندا ئىسا ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن « مەريەم ئوغلى ئىسا » شەكلىدە تىلغا ئېلىنىدۇ؟

قۇرئاندا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى « مەريەم ئوغلى ئىسا » شەكلىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۈچ پەرقلىق گورۇپپىغا ئۈچ خىل جاۋاپ بېرىلىدۇ:

1. يەھۇدىيلارغا: قىزلىق ھالىتىدىكى مەريەمنىڭ ھامىلە ھالىتىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغا چاپلىغان تۆھمەتلىرىنى رەت قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق « ئۇ ئىپپەت تەمسىلى بىر ئەلچىنىڭ ئانىسى ئىدى » جاۋابىنى بېرىدۇ.

2. تەسلىسچى خىرىستىيانلارغا: « الله ئوغلى ئىسا »دىن ئىبارەت شېرىك ئەقىدىنى رەت قىلىپ، « ئۇ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەس، مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى » جاۋابىنى بېرىدۇ.

3. ئەرلەرنى ئۇلۇغلىغان رىمغا: تارىختا ئىز قالدۇرغان ئىساغا ئوخشاش ئەر كىشىنى، بىر ئايال مەريەمگە نىسبەت بېرىش ئارقىلىق ( مەريەم ئوغلى ) رىمنىڭ ئەر كىشى مەركەزلىك چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ.

# ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستقا مىخلىنىشى ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟

قۇرئان مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:
« ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى » ( نىسا، 157 ).
قۇرئان بۇ ئايەت بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بىر ئەلچىگە قارشى غەلبە قىلغانلىقى چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئايەت خىرىستىيانلار ھەققىدە ئەمەس، يەھۇدىيلار ھەققىدە بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن كىرىستقا مىخلىنىشى يامانلىقنىڭ غەلبە قىلغانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان بۇ نەزەرىيىنى رەت قىلىپلا قالماي، ئاللاھنىڭ يامانلىققا قارشى زەپەرنى ياقلىغان بولىدۇ.
پاۋلوس خىرىستىيان ئەقىدىسىگە كىرگۈزگەن ئىسانىڭ كىرستقا مىخلىنىش دوگمىسى، روھ – بەدەن زىتلىقىغا تايانغان ۋە بەدەننىڭ مۇتلەق يامانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىككىلىك ۋە روھانىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ، ئازاپنى نىجادلىققا ئېرىشىش يولىدىن بىرى دەپ قارايدىغان نەزەرىيە بولۇپ، قۇرئان ئازاپ بىلەن نىجادلىققا ئېرىشىش ئارىسىدا ھېچقانداق بىر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرمەيدۇ ۋە: « رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن » ( بەقەرە، 201 ) دۇئاسىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق بۇ نەزەرىيىنى رەت قىلىدۇ.
قۇرئان كىرىسقا مىخلانغانلىقنى رەت قىلىپ: « ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، يەنى ئىسانى ئاستۈق دەپ گۇمان قىلىدى » ( نىسا، 157 ) دەيدۇ. تەتقىق قىلىنسا بۇ ئىمالىق ئىپادىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان تارىخىي مەلۇماتلار تېپىلىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر - بىرىگە زىت ئىزاھاتلار بېرىلگەن خىرىستىيان مەنبەلىرى بار. مەسىلەن، چىركاۋ رەت قىلغان ئىنجىللاردىن بىرى بولغان پەترۇس

ئىنجىلىدا، ئىسانىڭ كىرستىن تىرىك ھالدا چۈشۈرلۈپ ئۆت سىركىسى ئىچكۈزۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋالدا ئىسا كىرىستىن ئۆلمىگەن ھالدا چۈشۈرۈلگەن ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن سالامەت قۇتۇلغان.

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟

« سەندىن ئىلگىرى ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، ... » (ئەنبىيا، 34 ).

« ھەر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر » ( ئالىئىمران، 185؛ ئەنبىيا، 35؛ ئەنكەبۇت، 57 ).

بۇ ئايەتلەر، ئادەم بالىلىرى تەۋە بولغان ئۆلۈم قانۇنىنىڭ ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۆلۈم قانۇنى، فىزىكىلىق - بىئولوگىيىلىك بىر قانۇندۇر. مەيلى نەبى بولسۇن، مەيلى ئەزىزلەر بولسۇن، ھېچكىم بۇ قانۇننىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغان بىر ئانىدىن توغۇلغان مەريەم ئوغلى ئەيسامۇ بۇ تەۋرىمەس ۋە ئۆزگەرمەس ئىلاھى قانۇننىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئىنساننىڭ دۇنيادا ئەبەدىي ھاياتقا ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن باشقا ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر قۇرئاندا بار. مانا بۇ ھەزرىتى ئەيسانى سۆز قىلدۇرغان ئايەت:

« مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان چاغلىرىمدا ئەمەللىرىگە شاھىت بولدۇم. لېكىن قاچانكى سەن مېنىڭ جېنىمنى ئالدىڭ، شۇنىڭدىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغانىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن » (مائىدە، 117 ).

« ... قاچانكى سەن مېنىڭ جېنىمنى ئالدىڭ » ئىپادىسى، ئەيسانىڭ ئۆز تەرەپتارلىرى ئارىسىدا ياشاپ ئۆلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتنى،

ئەيسانىڭ كىرىستىتىن بىر ئاماللار بىلەن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى ھاياتىغا قارىتا سۆز بايان قىلىش تامامەن مۇمكىن:

« بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى ( يەنى ئىسانى ) ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ( يەنى مەريەمنى ) ( كامالى قۇدرىتىمىزنىڭ ) دەلىلى ( ئايىتى ) قىلدۇق. ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق » ( مۇئمىنۇن، 50 ). بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « مۇنبەت بىر زېمىن » تەپسىرلەرنىڭ دېگىنىدەك مەريەمنىڭ تۇغۇتىدىكى زېمىن بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ھەزرىتى ئەيسا، ئۇ ۋاقىتلاردا نەبى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ، ئېسىلىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان بىرى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئايەت، ئەيسانىڭ ۋە ئانىسىنىڭ دۈشمەن خەتىرىدىن قۇتۇلغان ۋە يەرلەشكەن « مۇنبەت بىر زېمىن »نى ئىپادىلەيدۇ.

# ئاخىرەتكە ئىمان زۆرۈرمۇ؟

زۆرۈر بولۇشتىن بەكرەك، مۇتلەق شەرت. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ بىر روھى بولىدۇ. بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ روھى ئاخىرەتتۇر. ئاخىرەتسىز بىر دۇنيانىڭ روھسىز بىر جەسەتتىن نېمە پەرقى بار دەيسىز؟ روھنى يوقاتقان بەدەن قانداق سېسىشقا باشلىغان بولسا، ئاخىرەتنى يوقاتقان دۇنيا ھاياتىمۇ شۇنىڭدەك چىرىپ كېتىدۇ.

ھەر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ: كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن، ماددىي ۋە مەنىۋىي. ئېنىق بولغان نەرسە شۇكى، بىر شەيئىنىڭ كۆرۈنمىگەن ۋە مەنىۋىي بولغان تەرىپى، كۆرۈنگەن ۋە ماددىي بولغان تەرىپىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك، تەسىرلىك، چوڭ، كۈچلۈك ۋە باقىي بولىدۇ. بەدەنگە نىسبەتەن روھنىڭ ماھىيىتى، جىسمانىي كۈچكە نىسبەتەن ئەقلىنىڭ ئورنى، ئېلېكترىك ئېقىمىنىڭ ئۆتكۈزگۈچكە نىسبەتەن ئورنى، ئېنېرگىيىنىڭ جىسىمغا نىسبەتەن ئورنى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ۋەھيي ئاساس قىلىنغان پۈتۈن ئېتىقاد سىستېمىسىدا ئاخىرەت ھاياتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ۋە كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچىدۇر. كىشىنى جەلىپ قىلغۇچى نەرسە مۇقىم، كامىل ۋە دائىم ئەمەس. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت بولماي تۇرۇپ روھسىز بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ بىر روھى بار، ئاخىرەت دۇنيانىڭ روھىدۇر. قۇرئان، ئاخىرەتسىز بىر دۇنيانى « ئويۇن ۋە تاماشا » دەپ ئاتايدۇ. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت بىلەن بىرلىكتە بولغاندا چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

## ئاخىرەتكە ئىماننىڭ ماھىيىتى نېمە؟

1. ئاخىرەتكە ئىمان ئادالەتكە ئىمان بولۇپ، ئاخىرەتكە ئىمان ھېساپ كۈنىگە بولغان ئىماننى كۆرسىتىدۇ. ھېساپ كۈنى ئىنسان پۈتۈن ئىش-ھەرىكىتىدىن ئاللاھقا ھېساپ بېرىدىغان كۈندۇر.

2. ئاخىرەتكە ئىمان، ئاكتىپ بىر ۋىجداننى تەسەللىي تاپقۇزىدۇ. ئادىل بولماي زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق قىلغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىز قېلىشىنى ھەرقانداق ۋىجدان قوبۇل قىلمايدۇ. ياخشى بىلەن يامانىنىڭ تەڭ تۇتۇلۇشى ياخشىنىڭ جازالاندۇرلۇپ، ئەسكىنىڭ مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. ئاخىرەتكە ئىمان، ئىنساننىڭ ئەتىۋارلىق مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۆلۈمدىن كېيىن باشقا بىر ھاياتنىڭ بارلىقى، ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۆلۈم ئىنسان ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىششى بولۇپ قالسا، ئىنسان بىلەن سازاڭنىڭ ھاياتى ئارىسىدا بىر پەرق بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنسان ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى « نېمە ئۈچۈن كەلدىم؟ نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ » دېگەندەك مەۋجۇدىيەت سوئاللىرىنى سوراش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان يېگانە مەخلۇق بولۇشىنىڭ بىر قىممىتى قالمايدۇ.

4. ئاخىرەتكە ئىمان، بۇ ھاياتنىڭ دىققەتكە ئېلىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ھايات باقىي ئالەمدىكى ھاياتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر. ھوسۇل ئېلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن كىشى، ئېكىنزارلىققا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

## ئاخىرەتكە ئىمان ئارقىلىق نېمە مەقسەت قىلىنغان؟

ئاخىرەتكە ئىمان، ئاللاھقا ئىماندىن كېيىنلا كەلگەن ئىككىنچى شەرت بولۇپ، قۇرئان بۇ ئىككى ئاساسنى نۇرغۇن جايدا بىرلىكتە تىلغا ئالىدۇ. ۋەھىي

بىلەن شەكىللەنگەن بىر ئەقىل بۇ ئىككى شەرتنى ئايرىپ بىر – بىرىدىن ئايرىپ قارىمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

ئاخىرەتكە ئىمان بولماي تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا كونكرېت ۋە ئىنىق ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئابستىراكىت اللّٰه ئېتىقادى، ئىنساننىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا پەقەت ئاخىرەت ئېتىقادى بىلەن بىرلىكتە ئەخلاققا ئايلىنالايدۇ. مانا بۇ ئاللاھقا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان « تەقۋا »نىڭ ئۇلىدا ياتقان ئامىلدۇر.

ئىنسان اللّٰه ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ. مانا بۇ، ئىنساندا ساپ ئەخلاقىي مۇئامىلە شەكلىنى يېتىلدۈرگەن چۈشەنچىدۇر. ئىنسان ئاخىرەتكە ئىشەنسە، « اللّٰه چۈشەنچىسى » ئۇنىڭدا « ئەخلاق چۈشەنچىسى »نى شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى مەسئۇلىيەت، ئاڭلىق تاللاش بولۇپ، بۇ تاللاشنىڭ قارشى قۇتۇپىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك ياتىدۇ. بىر ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت تەرەپنى ئاڭلىق شەكىلدە تاللىشى ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ تەقەززاسى بولىشى كېرەك. بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ جازالىنىشى، مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇكاپاتلىنىشى بولۇپ، ئەگەر بۇ بولمىسا، بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە كۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى تاللىشىنىڭ قايىل قىلارلىق بىر سەۋەبى يوق دېگەنلىك بولىدۇ.

سۇ ئېلىپ كەلگۈچى بىلەن كۈپنى چىقۋەتكۈچىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىغان بىر دۇنيادا ھېچكىم سۇ ئېلىپ كەلگۈچى بولۇشنى خالىمايدۇ. ھاياتنى اللّٰه بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدە ياشىغان كىشى بىلەن ھاۋايى – ھەۋەسلىرى بويىچە ياشىغان كىشى بىر بولمايدۇ:

« ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشى بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ » ( ئالئىمران، 162 ).

# قۇرئاندا ئاخىرەتتە مۇكاپات ۋە جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى جەننەت، جازاسى جەھەننەم بولۇپ، قۇرئاندا جەننەت ۋە جەھەننەم ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت بار. ئۇلاردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

« كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئەلچىگە قارشى دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! » ( نىسا، 115 ).

« كاپىرلارنىڭ شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك! رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، الله تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈندۇر » ( ئالئىمران، 196 - 198 ).

« ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ »( سەجدە، 17 ).

« ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ، ( ئۇ ) ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر. ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، ھەر قاچان ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارغا: < سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار > دېيىلىدۇ » ( سەجدە، 19 - 20 ).

« شۈبھىسىزكى، < رەببىمىز ئاللاھتۇر > دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: < قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە

قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، ( ئۇلار ) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ( اللّٰه ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر > دەيدۇ » ( فۇسسىلەت، 30 ـ 32 ).

« ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەتلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە ( ئۇ يەردىكى ) يىپەك ( لىباسلار ) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ » ( ئىنسان، 12 ).

« ئىنسان قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. اللّٰه بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۆكلەيدۇ، ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر » ( بەقەرە، 205 ـ 206 ).

« قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن » ( ئىنسان، 19 – 20 ).

« جەھەننەم ھەقىقەتەن كۈتۈپ تۇرىدۇ. جەھەننەم، شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇر. ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ. ئۇلار جەھەننەمدە بىرەر سوغۇقلۇقكە ۋە بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ مۇۋاپىق جازادۇر. چۈنكى ئۇلار ھېساپ ئېلىنىشتىن قورقمايتتى » ( نەبە، 21 ـ 26 ).

## ئەبەدىي نىجادلىققا ئېرىشىش ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟

ئەبەدىي نىجادلىققا ئېرىشىش ھەققىدە قۇرئان، ئۆزىگە ئىشەنگەنلەر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش شەكىلدە مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

« ( اللّٰه ۋەدە قىلغان ساۋاب ) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ( دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر - ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ اللّٰه ئىبراھىمنى دوست تۇتتى. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. اللّٰه ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر » ( نىسا سۈرىسى، 123 - 126 ).

# مەۋجۇدىيەت
# ۋە
# ئىنسان

## قۇرئاندا مەۋجۇدىيەت قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ مەۋجۇدىيەتنىڭ پەيدا بولىشى قانداق بايان قىلىنىدۇ؟

مەۋجۇدىيەت مەۋجۇت بولۇش ھالى بىلەن ئىككىگە ئايرىلىدۇ:

1. مۇتلەق ۋە ئەبەدىي مەۋجۇدىيەت. ئۇ ياراتقۇچى بولۇپ، مەۋجۇتلۇق تەقەززاسى مۇتلەق بولغان، مەۋجۇتلىقىنىڭ ئەۋۋلى ۋە ئاخىرى بولمىغان، زامان ۋە ماكانغا مەھكۇم بولمىغان مەۋجۇتلۇقتۇر. ئۇ زامان ۋە ماكاننى ياراتقۇچى بولۇپ، ئۆزلىكىدىن مەۋجۇت بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ يوقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەلسەپىۋي ۋە مەنتىق ئۇسلۇبلار ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئىنسانغا، ئىنساننىڭ ۋىجدانى ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئارقىلىق « مەن بار » دەپ خىتاپ قىلىدۇ. چۈنكى مەۋجۇت بولغان ھەر نەرسە ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى.

2. يارىتىلغان مەۋجۇدىيەت. بۇ كاتېگورىيە ياراتقۇچىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى شەرت ئەمەس. ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇلار ياراتقۇچى خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان ماكاندا، خالىغان ۋاقىتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغاندەك، يوق بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار.

مۇتلەق يوقلۇق مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى پەقەت « بار » دېگۈچىنىڭ بولىشى بولۇپلا قالماستىن، « يوق » دېگۈچىنىڭمۇ بولىشى مەۋجۇتلۇقنىڭ دەلىلى بولىدۇ. چۈنكى « يوق » دېگەن بىرى بولسا، بۇ نوقتىدىن كېيىنكىسى مەۋجۇتلۇق بولىدۇ. بار بولغۇچى « يوق » دېيەلەيدۇ. ئەگەر « يوق » دېگەن بىرسى مەۋجۇت بولسا، مەۋجۇدلۇق بار دېگىلى بولىدۇ.

# ئىسلام مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

ياراتقۇچىنىڭ ئەۋۋەلى ۋە ئاخىرى ھەققىدە سۆز قىلىشنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى « باشلىنىش » ۋە « ئاخىرلىشىش »، زامان ۋە ماكانغا مەھكۇم مەخلۇقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا خاس بولۇپ، بۇ ئۇقۇملار زاماننى ياراتقۇچىغا خاس ئەمەس. زامان ۋە ماكاننى ياراتقۇچى، زامان ۋە ماكان بىلەن تەكرارلانمايدۇ.

مەخلۇقنىڭ چوقۇم باشلىنىشى بولىدۇ. باشلىنىشى بولغان بىر نەرسىنىڭ ئاخىرىنىڭ بولىشى مۇقەررەر. خۇددى ئىنساننىڭ بىر ئۆمرى بولغاندەك ئىنسانغا ساراي بولغان بۇ دۇنيانىڭ، بۇ دۇنيانى يورۇتۇپ تۇرغان قوياشنىڭ، قوياش مەنسۇپ بولغان سىستېمىنىڭ، بۇ سىستېما تەۋە بولغان ئالەمنىڭمۇ بىر ئۆمرى بار. ئۆمرى بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى بولىدۇ.

قۇرئان ياراتقۇچىنىڭ الله ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھتىن غەيرى ھەر قانداق بىر مەۋجۇدىيەتنىڭ يوق نەرسىنى يارىتالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇرئاننى تەستىقلىغان تېرمودىنامىك بىرىنچى قانۇنى، ئىنساننىڭ ھەرگىزمۇ ئېنېرگىيە پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يارىتىلغان ھەر نەرسىنىڭ بىر ئۆمرى بولىدۇ. تېرمودىنامىك ئىككىنچى قانۇنى بولغان ئېنتروپىي قانۇنىيىتى، ھەقىقەتنىڭ فىزىكىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، پەقەت ئىنساننىڭلا ئۆمرى بار بولۇپ قالماستىن، ئېنېرگىيىمۇ ئۆمرى بار مەخلۇق. چۈنكى ئۇمۇ يوقتىن بار قىلىنغان. قۇرئان مۇتلەق نۆل نوقتا ( يوقۇلۇش ) بىلەن ئاخىرلىشىش سەھنىسىنى « ئاخىرقى ۋاقىت » دەپ ئاتايدۇ. قۇرئاندا بۇنى تىلغا ئالغان بىر قانچە ئايەت بار.

## ئىسلامدىكى ئىنسان – ئاللاھ – تەبىئەت تەرتىۋى قانداق؟

ئىسلامى چۈشەنچىدە بۇ تەرتىپ ياراتقۇچى – ئىنسان – تەبىئەت شەكلىدە بولىدۇ. ياراتقۇچى « ئۈستۈن مەۋجۇدىيەت »، دۇنيا « تۆۋەن مەۋجۇدىيەت » بولۇپ، ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا، دۇنيادا يارىتىلىش غايىسىگە مۇۋاپىق بىر ھايات بەرپا قىلىشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق: « دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر ». قۇرئان ئىنساننى « يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى » دەپ تونۇشتۇرىدۇ ( نەمل، 62 ). بۇ « اللّٰه يەر يۈزىنى ئىنسانغا ئامانەت قىلىپ، ئۇنى ئاسراپ، گۈللەندۈرۈشنى خالىدى » دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. خەلىپىلىك ۋەزىپىسى، زېمىندا ھەققەت ( تەۋھىد ) ۋە ئادالەت مەركەزلىك بىر ھايات بەرپا قىلىش مەسئۇلىيىتى بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەت بىر « ئۈلگە بەرپا قىلىش » ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئىنسانىيەت ئىچىدە مەسئۇلىيىتىنى ئاڭقىرىغانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈرىشى كېرەك ( ئالئىمران، 104 ).

## ئىسلام تەبىئەت ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتكە قانداق قارايدۇ؟

تەبىئەت « مۈلۈك » ئەمەس، « ئامانەت » بولۇپ، اللّٰه تەبىئەتنى ئىنسانغا ئامانەت قىلغان ھەم بۇ ئامانەتنى ئىككى دۇنيا سائادىتى ئۈچۈن پايدىلانسۇن دەپ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان « ئىنساننىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق » دەيدۇ ( ھەج، 65 ).

# دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەر يامانلىقنىڭ مەنبەسى ۋە كۆزگە ئىلمىغىدەك نەرسىلەرمۇ؟

دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەر ئىسلامدا يامان ۋە كۆزگە ئىلمىغۇدەك نەرسىلەر ئەمەس. دۇنيا ۋە ماددا، گنوستىزم ( ئىككىلەمچى چۈشەنچە )نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دىنلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك يامانلىقنىڭ مەنبەسى ۋە شەيتانى ئەمەس. ئەكسىچە ئىمتىهان ۋاستىسى بولۇپ، الله ئىنسانىنى دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەر بىلەن سىنايدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ ئىمتىهاننى يۈزى يورۇق شەكىلدە بەرمەكچى بولسا، دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەرگە ئۆزى خالىغاننى قىلسا بولىدىغان « مۈلۈك » سۈپىتىدە ئەمەس، ئاللاھقا ھېسابىنى بېرىدىغان بىر « ئامانەت » سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى ۋە شۇنداق قارىشى كېرەك.

ئىسلامدا مال – مۈلۈكلىك بولۇش ئەيىپ دەپ قارالمايدۇ، ئەكسىچە مال – مۈلۈككە تەۋە بولۇپ قېلىش ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ئاتنى چەۋەندازنىڭ ئۈستىگە مىنگۈزگەنلىك بولۇپ، ھەر تۈرلۈك يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. دۇنيالىق نەرسىلەرنى مۈلۈك سۈپىتىدە ئەمەس، بىر ئامانەت دەپ قاراش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كەتمەسلىك، رەسۇلۇللاھنىڭ تەبىرى بويىچە « پېقىر »لىق بولىدۇ. پېقىر بولۇش، مال – دۇنياغا ئىگە بولساڭ، مال – دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماسلىقىڭدۇر. قۇرئان، دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەرنى يامانلىق مەنبەسى دېمەيدۇ، مال – دۇنيانى كۆپەيتىش ھەۋىسىگە بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا چاقىرىدۇ.

## قۇرئان نېمە ئۈچۈن « كۆپەيتىش ھىرسىگە » قارىتا ئىنساننى ئاگاھلاندۇرىدۇ؟

قۇرئان « كۆپەيتىش ۋە يىغىش ھەۋىسى »نىڭ ئىنساننى قانداق ئاۋۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

« تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا ( يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا ) قەدەر، مال – دۇنيا يىغىش ۋە كۆپەيتىش ھىرىسى سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى. راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر، ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئەگەر بۇنى ( ھىرىسنىڭ نېمە بالالار ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ) سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ( دۇنيانى ) جەھەننەمگە ( ئايلاندۇرغانلىقىڭلارنى ) كۆرەتتىڭلار. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر. ئاندىن ( دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن ) نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر » ( تەكاسۇر سۈرىسى. 1-8 ).

# قۇرئاندا ئىنسان كىم؟

ھەر نەرسىنىڭ روھى بولىدۇ. دۇنيانىڭ روھى ئىنسان بولۇپ، ئىنسانسىز دۇنيا روھسىز بەدەنگە ئوخشايدۇ.

ئىنسان، اللّٰه ياراتقان بىر تۈر بولۇپ، ياراتقۇچى يەر يۈزىنى بۇ تۈرگە مۇۋاپىق قىلىپ ياراتقان.

ئىنسان ئىلاھىنىڭ ئۈمىدى بولۇپ، ئەگەر ئىنسان بۇ ئۈمىدنى يەردە قويسا، اللّٰه ئىنساننى باشقا بىر تۈر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا قادىر ( ئىبراھىم، 19 ).

قۇرئاندا، ئىنسان ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلىپ، يارىتىلىشتىكى بۇ گۈزەللىك ( ھېكمەت )كە ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئېرىشسۇن دەپ، باشلانغۇچ نوقتىدا قويۇپ قويۇلغان مەخلۇقتۇر ( تىن، 4 - 5 ).

ئىنسان « يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ( خەلىپە بولۇش ) » ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئۇستا بولۇپ، « ئۆزىگە خاس پىكىر بايان قىلالايدىغان » مەسئۇلىيەتچان مەخلۇقتۇر ( قىيامەت، 14 ).

ئىنسان ئاسمان، يەر ۋە تاغلار ئۈستىگە ئېلىشقا پېتىنالمىغان ئىرادە – ئەقىل – ۋىجداندىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغان يىگانە مەخلۇقتۇر ( ئەھزاپ، 72 ).

ئىنسان قىممەت قاراشقا ئىگە بولمىغان، ئۆزىنى ئۆزىگە يەتكۈچى دەپ قارىغان ۋە مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ھەددىدىن ئاشقاندا ئازىدۇ ( ئەلەق، 6 – 7 ). ئىنسان ئالدىراڭغۇ ( ئىسرا، 11 )، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىگە مەرھەمەت قىلغۇچى رەببىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىدۇر ( ئىنفىتار، 6 ). ئىنسان قاچان قىممەت – قاراشقا ئىگە بولسا ۋە ئىچكى دۇنياسىنى « ئىمان » بىلەن بېزىسە، قۇرئان « سالىھ ئەمەل » دەپ كۆرسەتكەن ئاكتىپ ياخشىلىقنى ئۆزىگە ھايات شەكلى قىلسا، مانا بۇ ۋاقىتتا بۇ ئۇ ۋە ئۇ دۇنيادا مۇكاپاتقا لايىق بولىدۇ ( تىن، 4 – 5 ).

## ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى نېمە؟

جانلىقلار ئىچىدىن بىرى بولغان بەشەر ( ئىنساننىڭ ئىلاھ روھ پۈۋلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالى )گە ئىلاھ روھ پۈۋلىنىپ، ئۇنى ئىرادە، ئەقىل ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولغان ئادەمگە ئايلاندۇرىشى، اللّٰه كائىناتنى مەنسۇپ قىلغان تاكامۇللۇق قانۇنىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى.

ئىنساننىڭ يارىتىلىش سەۋەبى « ئىمتىھان قىلىنىش » ( مۈلك، 2 ).

ئەگەر بىرسى چىقىپ « مېنى يارىتىش ئۈچۈن اللّٰه نېمىشقا مەندىن پىكرىمنى ئېلىپ باقمىدى » دېسە، ئۆزى بىلەن زىتلەشكەن بولىدۇ. چۈنكى اللّٰه بىرسىدىن بىر سوئال سوراشتىن بۇرۇن ئۇ « يارىتىلغان بولىشى » لازىم. مەۋجۇت بولمىغان بىرسىنىڭ شەخسىيتى بولمايدۇ. ئۇ مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن « مەن » دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان بىر جۈملە شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن مەۋجۇت بولمىغان شەيئىنىڭ چۈشەنچىسىمۇ بولمايدۇ.

## ئىنساننىڭ قىممىتى نېمە؟

ئىسلامدا ئىنسان ئاللاھنىڭ شاھ ئەسەرى دەپ قارىلىدۇ.

دۇنيادىكى شەيئىلەر ئىچىدە « ئەڭ چىرايلىق » شەكىلدە يارىتىلغان مەخلۇق ( تىن، 4 ).

ئىنسانغا قاتمۇ قات ئىكرام قىلىنغان ( ئىسرا، 70 ).

ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانى بىلەن ئۆزىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بىر مەخلۇق ( قىيامەت، 14).

ئىنسان يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى ( نەمل، 62 ). يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيتى ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىنغان. ياراتقۇچى، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى ئىنسان ئۈچۈن، ئىنساننى ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان.

## قۇرئان ئىنساننى قانداق تونۇشتۇرىدۇ؟

قۇرئان ئىنساننى ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بىلەن بىرگە تونۇشتۇرىدۇ. لېكىن قۇرئاندا ئىنسان يارىتىلىشتىنلا ياخشى بىر مەخلۇق. قۇرئاندا « بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق » ( ئىسرا، 70 ).

ئىسلام، خىرىستىيانلىقتىكى تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. ياخشىلىقنىڭ ئىنساننىڭ ماھىيىتىدە بارلىقىنى ئېيتىدۇ: « بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق، ئاندىن ئۇنى ( بۇ ماھىيەتنى ئۆزى تاپسۇن دەپ ) يولنىڭ بېشىغا ئەكىلىپ قويدۇق » ( تىن، 4 ـ 5 ).

ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان ئىنساننىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان ئېزىپ كېتىدىغان بىر مەخلۇق. ئىنسان قانداق ۋاقىتتا ئازىدۇ؟ « شۇنداق، ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى يېتەرلىك دەپ قارىغان ۋاقىتتا ئازىدۇ » ( ئەلەق، 6 – 7 ). ئىنسان يامانلىقنى خۇددى ياخشىلىقنى تىلىگەندەك ئارزۇ قىلىدىغان ئالدىراڭغۇ مەخلۇق ( ئىسرا، 11 ). ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدىغان بىر مەخلۇق ( كەھف، 54 ). ئىنسان ئۆزىگە مەرھەمەت قىلغۇچى رەببىگە ئاسىيلىق قىلالايدىغان مەخلۇق ( ئىنفىتار، 6 ).

## اللّٰه ئىنساندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟

اللّٰه ئىنساندىن، اللّٰه ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن سالىھ ئەمەل قىلىشنى كۈتىدۇ. ئاللاھنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى كۈتىدۇ ( فۇسسىلەت، 46 ).

چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئېھتىياجى يوق، لېكىن ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئېھتىياجى بار ( فاتىر، 15 ).

ئىنسان ئۆزىگە يېتەرلىك ئەمەس، ئەمما اللّٰه ھەر ئىنسانغا ۋە ھەر شەيئىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ ( زۇمەر، 36 ).

## قۇرئاندا تۇنجى ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى جەريانى قانداق؟

قۇرئاندا ئىنساننىڭ يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر، بىر پۈتۈن رەسىمنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش ئوخشىمىغان سۈرىلەرگە تارقىتىۋېتىلگەن ھالەتتە. بۇلارنى بىر پۈتۈن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىلدە بىر يەرگە كەلتۈرۈش ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمىگە، زېھىن كۈچىگە، تەپەككۇر دائىرىسىگە ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىگە تاپشۇرلغان.

قۇرئاندا، « ئىنسان تارىخ سەھنىسىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن بىر سۈرە ئۆتكەن بولۇپ، بۇ جەرياندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر نەرسە ئىدى »( ئىنسان، 1 ). قۇرئاندا، ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇش جەريانى تۇيۇقسىز ۋە بىردىنلا بولۇپ قالمىغان بولۇپ، ئىنسان بىر – بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ( نۇھ، 14 ). ئىنسانغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن جەريان ئۈچ باسقۇچتىن تەشكىل تاپقان:

1. ئىنسان بولۇشتىن بۇرۇنقى ئېلېمېنت شەكلىدە يارىتىلىش باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا رول ئوينىغان ئامىللار « تۇپراق تۇرى ( ھەج، 5 ) »، « چەكسە

جاراڭلايدىغان قۇرۇق لاي ( ھىجر، 26 ) »، « قارا لاي ( ھىجر، 28 ) »، « يېپىشقا لاي ( ساففات، 11 ) »، « لاينىڭ جەۋھىرى ( مۇئمىن، 12 ) ». بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز بىلىدىغان توپا ۋە لاي ئەمەسلىكىنى، ئالاھىدە بىر ماددا ئىكەنلىكىنى ئىما قىلغان شەكىلدە ئېنىقلىغۇچسىز ھالدا كېلىدۇ.

2. ئىنسان بولۇشتىن بۇرۇنقى بىئولوگىيىلىك يارىتىلىش باسقۇچى: « بىز ھەر جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق ( ئەنبىيا، 30 ) ». ئەڭ باشتا بىر ھۈجەيرىلىك جانلىق ( نەفسى ۋاھىدە ) يارىتىلغان ( نىسا، 1 ). قۇرئان تۇنجى ئىنسانغا بەرگەن « ئادەم » ئىسمىنى، ئادەم باللىرى مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىدۇ ( ئەئراف، 11 ). ئادەم باللىرىغا ۋەكىللىك قىلغان ئادەمنىڭ يارىتىلىشى « ئۇ، ۋۇجۇتقا كەل، دېدى، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى » شەكلىدە ئەمەس، « ئۇ، ۋۇجۇتقا كەل، دېدى؛ ئۇ پەيدا بولۇش باسقۇچىغا قەدەم باستى » شەكلىدە ئىپادە قىلىنىدۇ ( ئالئىمران، 59 ). چۈنكى ئىبارىدىكى « فە يەكۇن » كەڭرى زامان پېئىلى « يېڭىلىنىش ( تەجەددۇت ) » ۋە « ئىزچىللىق »نى بىلدۈرىدۇ ۋە ئۈچ زامانىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى كەڭرى زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئىككى باسقۇچتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان جانلىقنى قۇرئان « بەشەر » دەپ ئاتايدۇ ( ھىجر، 28 ). ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان بولغان « بەشەر»، بەشەرلىك ھالىتىنى دائىم ئۆزلىكىدە ساقلايدۇ. ئىنسان بەشەر بولۇشتىن بۇرۇن اللّٰه جانلىقلار ئىچىدە ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدانىنى تەمسىل قىلغان روھنى پۈلەش ئۈچۈن تاللاش ئېلىپ بارىدۇ ( ئالئىمران، 33 ). تاللانغان جانلىققا « ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان »غا ۋەكىللىك قىلىدىغان روھنى پۈلەيدۇ، پەرىشتىلەر بۇ روھقا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ( بەقەرە، 30؛ سەجدە، 9 ). پەرىشتىلەر ئاللاھقا: « سەن يەر يۈزىدە پىتنە – پاسات تېرىيدىغان ( يەسفىقۇ ) ۋە قان تۆكىدىغان ( يۇفسىدۇ ) بىرسىنى خەلىپە قىلامسەن؟ » دەيدۇ. چۈنكى ئىنسان تېخى ئەقىل ۋە ئىرادىنى تەمسىل قىلغان روھ پۈلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالى بىلەن « پىتنە – پاسات پەيدا قىلماقتا » ۋە « قان تۆكمەكتە » ئىدى. ئادەم باللىرىنىڭ دەسلەپكى قان گورۇپپىسىنىڭ 0 بولىشى ۋە 0 گورۇپپىسىنىڭ گۆشخور بولىشى، ئىنساننىڭ بەشەر ھالىتىدىكى ۋاقتىدا قان تۆككەنلىكتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تەستىقلايدۇ. روھ پۈلەنگەندىن كېيىن « نەرسىلەرگە ئىسىم قويۇش قابىلىيىتى »، يەنى ئەقىل ئىشلىتىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ( بەقەرە،

31 ). بۇ يەردىكى ھالقىلىق نوقتا، « پۈلەنگەن روھ » بىلەن « جان »نىڭ ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى بولۇپ، جان ھايۋانلاردىمۇ بار. لېكىن ۋەھيي روھنىڭ پەقەت ئىنسانغىلا پۈلەنگەنلىكىنى ئىشارەت قىلماقتا.

3. ئانا قارنىدىكى ئېمبىروگېيلىك يارىتىلىش باسقۇچى: بۇ ئىنسانغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ۋە ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ كۆچكە ئىگە بولغان، ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بىر باسقۇچتۇر. بۇ باسقۇچ كۆنىمىز تىبابەتچىلىك ئىلمىدىمۇ تەستىق قىلىنغان ھالدا تەتقىق قىلىنىدۇ ( مۇئمىنۇن، 14 ). قۇرئان ھەر ئىنسان ( ئەل ئىنسان )نىڭ « ھايات ئۇرقى ( نۇتفە ) »دىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ( ئىنسان، 2 ). گراماتېكا قائىدىلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسان سۈرىسىنىڭ 2 ـ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە تۈرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « ئەل ئىنسان» دائىرىسىگە تۇنجى ئىنسانمۇ كىرىدۇ. ھايات ئۇرۇقىدىن يارىتىلىش پەقەت ئىنسانغىلا خاس ئەمەس. بەشەردىن تارتىپ پۈتۈن ھايۋانلارمۇ ھايات ئۇرۇقىدىن يارىتىلغان.

## ئاللاھنىڭ « روھىمدىن پۈۋلەش » نېمە دېگەنلىك؟

« روھىمدىن پۈۋلىدىم » ئىپادىسى ئىنساننىڭ بەشەر ھالىتىدىن ئىنسان ھالىتىگە ئۆتۈشتە ئاللاھنىڭ ئاكتىپ ئارلىششىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئىنساننىڭ تاسادىبىيلىق مەھسۇلى ئىكەنلىكى دەۋاسىنى تۈپتىن رەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنسان تەبىئەت بار قىلغان بىر تاسادىبىيلىق ئەمەس، اللّٰه ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلارغا بىر ئۈست قانۇن بىلەن مۇداخىلە قىلىپ مەۋجۇت بولىشىنى مۇراد قىلغان بىر ئىلاھى لاھىيەنىڭ سەمەرىسى.

« روھىمدىن پۈۋلىدىم » قۇرئانى ئىپادىسى، ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئاللاھتىن بىر پارچە ئىكەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. قۇرئان بۇنى شىددەت بىلەن رەت قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكى شەكلىدىكى « ھۇلۇل » ۋەياكى ئىنساننىڭ ئىلاھ بىلەن بىرلەشكەنلىكى شەكلىدىكى « ئىتتىھات » چۈشەنچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى خىل چۈشەنچە ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسي ئەقىدىسى بولغان تەۋھىدكە تۈپتىن زىت كېلىدۇ. بۇ، ئىلاھىي ھەرىكەت تىلغا ئېلىنغاندا ئىشلىتىلگەن مەجازى ( ئوخشىتىش ) ۋاستە بولۇپ، خۇددى ئوتنى پۈۋلىگۈچىدىن ئوتقا بىر نەرسە ئۆتمىگەنگە ئوخشاش، ئىنسانغا روھ پۈۋلىگەن ئاللاھتىن ئىنسانغا بىر نەرسە ئۆتمەيدۇ. چۈنكى اللّٰه سەمەتتۇر ( ئىخلاس، 2 ). سەمەت « پارچىلانماس، بۆلۈنمەس، بىر نەرسە چىقىپ كەتمەس، بىر نەرسە كىرمەس » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۆلىنىدىغان بىر شەيئى، زامان ۋە ماكانغا مەھكۇم بولغان بولۇپ، بىرلەشمە شەيئىلەر بۆلىنىدۇ ۋە ھەر بۆلىنىدىغان شەيئى يارىتىلغان بولىدۇ. بۇنداق بىر شەيئى اللّٰه بولالمايدۇ.

## قۇرئان روھ ۋە بەدەن ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

قۇرئان روھ ھەققىدە بىزگە ناھايىتى ئاز مەلۇمات بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. روھنىڭ ماھىيىتىنى رەببىم بىلىدۇ، دېگىن. سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن » ( ئىسرا، 85 ). بۇ ئىلاھى كالام، روھنىڭ ماھىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ ھېچقاچان چۈشىنەلمەيدىغانلىقى ھەققىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ كۆرۈنمەيدىغان شەيئىلەرگە قارىتا ئىنساننىڭ بىلىمىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەپتىن بۇ خىل مەسىلىدە ئاللاھقا ئىشىنىشى كېرەكلىكىنى ئىما قىلىدۇ. ئىسلامدا ۋۇجۇت يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسە ئەمەس. قۇرئاندا بەدەنگە قارىتا ھېچقانداق سەلبىي مەنا بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە، بەدەن ھەرىكەتنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر ۋاستە بولۇپ، ھەرىكەت ( ئەمەلۇس سالىھ ) ئىماندىن قالسىلا، ئىنسانغا باھا بېرىشتە ﷲ قارايدىغان ئىككىنچى ئامىلدۇر. ئېلېكتېرونلۇق ئۈسكىنىنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرسەك، بەدەن - قاتتىق دېتال، روھ - ئېنېرگىيە ۋە يۇمشاق دېتال ( پروگرام )غا ئوخشايدىغان بولۇپ، بىرىنچىسى بولمىسا، ئىككىنچىسى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

## روھ ۋە بەدەن بىر - بىرىدىن ئېنىق ئايرىلامدۇ؟

قۇرئان روھ ۋە بەدەننى ئېنىق بىر شەكىلدە ئايرىمايدۇ. قۇرئان بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى ئايەتلىرىدىن چىققان نەتىجە شۇ: روھ بىلەن بەدەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەقىل بىلەن مېڭە، مەنا بىلەن كەلىمە، ئېلېكترىك بىلەن سىم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. روھ بىلەن بەدەن بىر – بىرىگە زىت ئىككى قۇتۇپ ئەمەس، ئەكسىچە بىر – بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر جۈپ. بىرى بولمىسا يەنە بىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

## اللّٰه نېمە ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان؟

پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشى، سىمۋول خاراكتېرلىك مەنىگە ئىگە ئىپادە بولۇپ، قۇرئاندا يۇلتۇزلارنىڭ ۋە دەل – دەرەخلەرنىڭ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ( رەھمان، 6 ). بۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلغاندا، سەجدە « شەيئىلەرنىڭ ﷲ ئۆزلىرىگە بەلگىلىگەن ۋەزىپىگە رازى بولغان »لىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر مەخلۇقنىڭ يارىتىلىش مەقستى ۋە ۋەزىپىسى بار بولۇپ، مەخلۇقات بۇ ئىلاھىي ۋەزىپە دائىرىسى ئىچىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىش ۋەزىپىسىمۇ « پەرىشتە » ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرىدۇ.
ئىنساننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەمرىگە بېرىلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ( نەھل، 12؛ ھەج، 65 )، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئىنسان بۇ سايىدە تۇپراق، سۇ ۋە ھاۋانى ئىشلىتىدۇ. قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا ۋە ھاۋادا ئۆزىگە يول ياسايدۇ، تەبىئەتنى كەشپ قىلىشقا چىقىدۇ.

## قۇرئاندا تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسى بارمۇ؟

يوق. قۇرئان ئىنساننىڭ ئىلاھىي فىترەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ( رۇم، 30 ). بۇ ئايەتنىڭ ئىزاھاتى سۈپىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ھەر ئىنسان ئىسلام فىترىتى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ » ( بۇخارى ۋە مۇسلىم ). « تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسى »، ئەخلاقى مۇئامىلىنىڭ ئۆزگەرمەس ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان « شەخسىي مەسئۇلىيەت » پرىنسىپىگە پۈتۈنلەي زىت.
قۇرئانغا نىسبەتەن، ئىنسان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسان تۇغۇلغان ۋاقتىتىن باشلاپ ئۆزىنى ياراتقان خالىقىغا قەرزدار بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تۇنجى گۇناھ ئىنسانغا ئەمەس، شەيتانغا ئائىت. چۈنكى ئادەم چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن بۇرۇن، ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىش بۇيرىقىغا قارشى چىقىپ، ئاللاھقا ئاسىي بولغان. بۇ سەۋەپتىن تۇنجى گۇناھتىن سۆز ئېچىلسا، بۇنىڭ باش جىنايەتچىسى ئادەم ئەمەس، شەيتاندۇر.

خاتا ھالدا ئىنسانغا نىسبەت بېرىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى گۇناھ چۈشەنچىسى، كېيىنكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ئىرقچىلىققا ئوخشاش بىر قاتار ئايرىمچىلىق پىتنىسىگە سەۋەپ بولدى.

## قۇرئانغا ئاساسلانغاندا بوۋاقلاردا تۇنجى گۇناھ بولامدۇ؟

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا دادىنىڭ گۇناھى سەۋەپلىك بالا ئەيىپلەنمەيدۇ. قۇرئان مەسئۇلىيەتنىڭ شەخسلەر ئۈستىگە ئارتىلغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ: « ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ مەسئۇلىيتى ( گۇناھ )نى ئۈستىگە ئالالمايدۇ » ( فاتىر، 18 ). ئىنسان گۇناھكار ھالەتتە دۇنياغا كەلمەيدۇ.

قۇرئان ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئوخشاش بۈيۈك بىر نەبىنىڭ دادىسىنىڭ بۇت ياسايدىغان بۇتپەرەست ئىكەنلىكىنى ( ئەنئام، 74 )؛ ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلىنىڭ كۇپىردا چىڭ تۇرغان بىر كاپىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ( ھۇد، 42، 47 ). بۇ تارىخىي ئۆرنەكلەر ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنىڭ شەخسكە ئائىت ئىكەنلىكى پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ يارىتىلىش مەقستى نېمە؟

قۇرئان بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: « سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللّٰە ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى » ( مۈلك، 2 ).

# ئىنساننىڭ فىترىتى دېگەن نېمە؟

فىترەت، « تەبىئىتى » ۋە « يارىتىلىش » دېگەنلىك بولۇپ، بىر شەيئىنىڭ فىترىتى، ئۇ شەيئىنىڭ يارىتىلىشتا بەلگىلەنگەن تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۈنىمىز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، « بىر نەرسىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىك » ئۇ شەيئىنىڭ فىترىتى بولىدۇ. قۇرئان « اللّٰه ئىنساننى ئۈستىدە قىلىپ ياراتقان ئىلاھىي فىترەت »نى ئىما قىلىپ ( رۇم، 30 )، ئىنساننىڭ ئەسلىدە ياخشى بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. فىترەت، بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە بۇرۇنددىنلا يەرلەشتۈرۈلگەن، قېپىنى ئاچقان ۋاقىتتا كۆرگىلى بولىدىغان باشقا بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه ئىنساننى ياراتقاندا ئىچىگە يەرلەشتۈرۈگەن مانا بۇ « ئىلاھى پروگرام ( يۇمشاق دېتال ) » فىترەتتۇر. فىترەتتىن سۆز قىلىنغان ھەر قانداق يەردە، ياراتقۇچىنىڭ ۋە ياراتقۇچىنىڭ شەيئىگە ئۆزلىكىدىن ۋە ئاگاھلىق ھالدىكى مۇداخىلىسى ھەققىدە سۆز قىلىنىۋاتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

فىترەت « شەر ( يامانلىق ) قارىشى »نى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر ئۇقۇم. « ھەر شەيئىنىڭ بىر فىترىتى بار » ھەقىقىتى، « ھەر شەيئىنىڭ بىر يارىتىلىش مەقسىتى بار » ھەقىقىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. يەنى بىر نەرسىنىڭ فىترىتى، ئۇ نەرسىنىڭ « يارىتىلىش مەقسىتى ( ما خۇلىقا لەھ ) » دېگەنلىك بولۇپ، بىر نەرسىنى يارىتىلىش مەقسىتى ئۈستىدە ئىشلىتىش « خەيىر ( ياخشىلىق ) »، يارىتىلىش مەقسىتىنىڭ ئەكسىچە ئىشلىتىش « شەر » بولىدۇ. بىر شەيئى يارىتىلىش مەقسىتىدىن قانچىلىك يىراقلاشسا، شەرمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا چوڭ بولىدۇ. لېكىن ئوتتۇرىغا چىققان يامانلىق، ئۇ نەرسىنىڭ يارىتىلىشىدىن ئەمەس، ئەكسىچە يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

شەيئى، ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى فىترىتى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. شەيئىنىڭ فىترىتىنى، ئۇچۇر تىلى بىلەن چۈشەندۈرسەك « ئىلاھى فورمات ( شەكىل ) » بولۇپ، فاتىر بولغان اللّٰه، شەيئىلەرنى ياراتقاندا ئۇلارغا مۆھۈرنى باسقان. ئىلاھى مۆھۈر بولغان شەيئىنىڭ فورماتى، ئۇلارغا ئىسىم قويۇشىمىزغا

ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئامىل بولۇپ، فىترەت، اللّٰه ئادەم بالىلىرىغا ھەدىيە قىلغان « ئىسىملارنىڭ ئۆگىتىلىشى ( ئەلىمۇل – ئەسما ) » ھەقىقىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر اللّٰه شەيئىلەرگە فىترەت بەرمىگەن بولسا ئىدى، شەيئىنىڭ كىملىكىمۇ بولمايتتى. ئەگەر شەيئىنىڭ كىملىكى بولمىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا ئىسىم قويالمايتتۇق. فىترانىڭ ئورنىغا « رەڭ ( سىبغا ) » ئىشلىتىلگەن بۇ ئايەت، فىترەتنى چۈشىنىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ:

اللّٰه بەرگەن رەڭ، « ... ئاللاھتىنمۇ ياخشى رەڭ بەرگۈچى بارمۇ؟ شۇڭا بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز » ( بەقەرە، 138 ).

« جىمى ھەمدۇسانا ئاسمان ۋە يەرگە فىترەت قويغان! ئاسمان ۋە زېمىننى بىر ئۆچكىنى چاققاندەك يوقتىن بار قىلغان ئاللاھقا خاستۇر ...» ( فاتىر، 1 ).

## فىترەت بىلەن ئىماننىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

فىترەت بايقىلىدۇ، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

ئىنسان فىترىتىدىن يىراقلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەتتا فىترىتىگە ياتلىشىپمۇ قالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان فىترىتىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويىدۇ. قۇرئان بۇنى « كۇپۇر » دەپ ئاتايدۇ.

بۇ يېپىنچا بەزىدە شۇنداق قېلىن، شۇنداق ئاۋاز ئۆتكۈزمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇكى، ئىنساننىڭ فىترىتىگە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئىنسان فىترىتىگە خىيانەت قىلماي تۇرۇپ، كۇپۇردا چىڭ تۇرمايدۇ. مانا بۇ ھالەتنى قۇرئان « قەلبىنىڭ مۆھۈرلىنىشى » دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قەلبنى فىترەت ياكى ۋىجدان دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

## ئىنسان مەسئۇلىيىتىنىڭ چېكى بارمۇ؟

ئادەم ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىندى ۋە زېمىنىنىڭ خەلىپىسى بولۇپ تاللاندى: « ( ئادەم ) مەن نەپسىمگە زۇلۇم قىلدىم » دېدى ( ئەئراف، 23 ).

قۇرئاندا ئىبلىس جاۋاپكارلىقنى ئۈستىگە ئالماي، خاتالىقنى ئاللاھقا دۆڭگەپ قويغاچقا شەيتان بولۇپ كەتكەن: ئىبلىس ئېيتتى: « رەببىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا ( گۇناھلارنى ) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن » ( ھىجر، 39 ).

ئىبلىس ئېيتتى: « سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار ( يەنى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش ) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن » ( ئەئراف، 16 ).

« بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، اللّٰه بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر » ( ئالئىمران، 182 ).

## ياخشىلىق ياراتقۇچىدىن، يامانلىق مەخلۇقتىن

« ( ئى ئىنسان! ) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق ( مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ) اللّٰه تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق ( قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن ) ئۆزۈڭدىندۇر » ( نىسا، 79 ).

« سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر ( سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ) اللّٰه بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر » ( بەقەرە، 216 ).

« ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى » ( زۇخرۇف، 76 ).

« ئىنسان ( ئۆزىگە ۋە بالا – چاقىلىرىغا ) خەيرىلىك دۇئا قىلغاندەك، ( ئاچچىقى كەلگەندە ) بەددۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر » ( ئىسرا، 11 ).

« ئەگەر اللّٰه كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى ( يەنى هالاك بولاتتى ). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز »( يۇنۇس، 11 ).

« مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن » دېگىن ( فەلەق سۈرىسى ).

« ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، اللّٰه ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى » ( رۇم، 41 ).

## ھىدايەت ۋە زالالەتتە ئىنساننىڭ قانداق مەسئۇلىيىتى بار؟

« شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ( ئىنسان )غا بىز ( ئەقىل، ئىرادە بېرىپ، كىتاب ۋە ئەلچى ئەۋەتىش بىلەن ياخشى - يامان ) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۇئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ ( ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى ( فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر » ( ئىنسان، 3 ).

« ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى ) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ ) تىڭشىمايدۇ »( ئەئراف، 179 ).

« خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن » ( كەھف، 29 ).

« شەيتانغا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا ( ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە ) قايتقانلارغا ( جەننەت بىلەن ) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا ( يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە ) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ( ساغلام ) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر » ( زۇمەر، 17 – 18 ).

« ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇلار يول مېڭىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ » ( ياسىن، 66 ).

« ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىلا سۈرىتىنى مۇبەددەل ( يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاش ) قىلىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى »( ياسىن، 67 ).

« ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە ھەر شەھەرگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى ( يەنى ئەلچى ) ئەۋەتەتتۇق » ( فۇرقان، 51 ).

« اللّٰه مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اللّٰه زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، اللّٰه خالىغىنىنى قىلىدۇ » ( ئىبراھىم، 27 ).

« اللّٰه بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ( ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ( ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن ) ھىدايەت قىلىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. پاسىقلار اللّٰه ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. اللّٰه ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ ( يەنى سىلە - رەھىم قىلمايدۇ )، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر » ( بەقەرە، 26،27 ).

# قۇرئاندا قەدەر ( تەقدىر ) چۈشەنچىسى قانداق؟

قۇرئان ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىر ».

مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە ھەر ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى بىر ئىش بولمايدۇ.

ئۇنىڭ بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىشى، ئۇ نەرسىنى بىر « ئۆلچەم » بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭغا بىر « قانۇن، ئورۇن، ھال، زامان، ماكان ۋە مۇددەت » بەلگىلىشىدۇر. « ئۇ خالىمىسا ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ » دېگەنلىك، ئۇ ھەر نەرسىنى بىكاردىن بىكارغا شۇنداقلا ياراتمىغان دېگەنلىك بولىدۇ. ياراتقان ھەر نەرسىنى بىر « قەدەر – ئۆلچەم، مىزان » بىلەن يارىتىشمۇ ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

اللّٰه كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمەيدىغان ئىرادىسىز مەۋجۇدىيەتنىڭ تەقدىرىنى، ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلارغا تەۋە قىلغان. ۋەھىي ئۇ قانۇنىيەتنى « ئاللاھنىڭ سۈننىتى ( سۈننەتۇللاھ ) » دەپ ئاتايدۇ. اللّٰه ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ۋەھىيلەردە كۆرسىتىلگەن قانۇن يولى بىلەنلا ئەمەس، تەبىئەتنىڭ قۇرئانىدا يېزىلغان قانۇنلار ئارقىلىقمۇ بىلدۈرگەن ( فۇسسىلەت، 53 ). ئاللاھنىڭ سۈننىتىدە ھەرگىز بىر ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش بولمايدۇ. ئىرادىسىز بىر مەۋجۇدىيەت تەۋە بولغان قانۇنىيەت سۈننەتۇللاھتۇر.

ئىنسانغا ئوخشاش ئىرادىلىك بىر مەخلۇقتا كەلسەك،

1. ئىرادىسى سىرتىدىكى ۋەقە ۋە ئەھۋاللار. ئىنساننىڭ « DNA »سى، « RNA »سى، قان گۇرۇپپىسى، گېن تۈزۈلىشى، رەڭگى، بويى دېگەندەك مەسىلىلەر ئىنساننىڭ ئىرادىسى سىرتىدا بولىدۇ. بۇلارمۇ خۇددى يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ سۈننىتىگە ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2. ئىرادىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن ۋەقە ۋە ئەھۋاللار. اللّٰه ئىرادە بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ تەقدىرىنى، ئىنسانغا ئامانەت قىلغان ئىرادىگە مۇناسىۋەتلىك قىلغان. ئىرادىنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بولۇپ،

ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان ئىش – ھەرىكىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئىنساننى مەسئۇلىيەت ئىگىسى قىلغان ئىرادىنى ئامانەت قىلىپ بەرگۈچى اللّٰه بولۇپ، ئىرادە بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلاردا، ئىنساننىڭ تەقدىرى ئىنساننىڭ تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

اللّٰه ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ئىشلىتىشىنى خالىغان. شۇڭا ئۆزىنىڭ كۈللى ( ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ) ئىرادىسى ئىچىگە، ئىنساننىڭ جۇزئى ( ئازغىنە ) ئىرادىسىنى قويغان. كۈللى ھەرىكەتنىڭ ئىچىگە ئىنساننىڭ جۇزئى ھەرىكىتىنىمۇ قويغان. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارىسىدا مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن ۋە ئىنساننى مۆتىۋەر قىلغان. ئىنساننى ۋاقىتنىڭ ئەسىرى بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ ساھىبىغا ئايلاندۇرغان. ئىنسان بۇ سايىدە اللّٰه بىلەن بىرلىكتە تارىخ يارىتىش شەرىپىگە نائىل بولغان.

اللّٰه كۈللى ئىرادە ساھىبى، ئىنسان جۇزئى ئىرادە ساھىبىدۇر. ئىنسانغا جۇزئى ئىرادىنى اللّٰه بەرگەن. ئالەمدىكى ھەر نەرسە ئاللاھنىڭ تەقدىرى ( اللّٰه بەلگىلىگەن قانۇنىيەت ) بىلەن بولىدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان اللّٰه ئىرادىسىز مەۋجۇدىيەتلەرگە « ئۆزگەرمەس تەقدىر »، ئىرادىلىك مەخلۇقلارغا « ئۆزگىرىشچان تەقدىر » بەلگىلىگەن.

ئىنسانغا ئىرادىنىڭ بېرىلىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن بولغان. ئىنسان ئىرادىسىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن، ئىرادىسى دائىرىسىگە كىرگەن ھەر مەسىلىدە ئىنساننىڭ تەقدىرى تاللاش بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانغا تاللاش قابىلىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىرادىنى بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاندىن ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ تاللىغانلىقىنى ئېيتىش ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئىنكار قىلغانلىق.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى چەكسىز ۋە شەرتسىز، ئىنساننىڭ ئىرادىسى چەكلىك ۋە شەرتلىك بولىدۇ. ئىنساننىڭ چەكلىك ۋە شەرتلىك ئىرادىسى، ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ چەكسىز ۋە شەرتسىز ئىرادىسى سىرتىدا، ئۇنىڭغا پاراللىل، ئۇنىڭدىن مۇستەقىل بىر ئىرادە ئەمەس. ئىنساننىڭ چەكلىك ئىرادىسى، ئاللاھنىڭ چەكسىز

ئىرادىسى ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان: « پەقەت اللّٰه خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر » ( ئىنسان، 30 ) دەيدۇ.

اللّٰه ئىنساننىڭ تاللىشىنى خالىغان. ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان ئىش – ھەرىكىتىدىن جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنساننى ئىش – ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇشتىن خالىي قىلىپ، ئۆزىگە باشقا بىر ئىرادە تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن رولنى مەجبۇرىي ئوينايدىغان ئارتىس دەپ قارايدىغان چۈشەنچىنى قۇرئان رەت قىلىدۇ. بۇنداق چۈشەنچە، ئىنساننىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى گۇمران قىلىدۇ. ئەخلاقى مەسئۇلىيەت، ئەخلاقلىق مۇئامىلىنىڭ ئۇلى. بۇ ئۇل يېقىلسا، ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقان ھالدا ئىش – ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك مۇكاپات ۋە جازانىڭ، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ بىر ئەھمىيتى قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەھمىيتى بولمىسا، « ئاخىرەتكە ئىمان »نىڭ ئاساسمۇ يوق بولىدۇ.

ئىنسان، تاللاشنى ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئىرادىنى تاللاش – تاللىماسلىق، ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا بېرىلمىگەن. اللّٰه ئىنساننىڭ ئىرادىلىك بىر مەخلۇق بولىشىنى خالىغان. ئىنسان « ئىنسان » ئىسمىنى ئىرادىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئالغان.

ئىلاھىي ئىرادە، ئىنساننىڭ ئىرادىلىك مەخلۇق بولىشىنى خالىغان. ئىنسان ئىككى نەرسە ئارىسىدا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن ئىرادىلىك ياكى ئىرادىسىز بولۇشنى تاللاش ھەققى ئىنسانغا بېرىلمىگەن. بۇ مەسىلىدە تاللاش ۋە خالاش ھەققىنى اللّٰه ئىشلىتىپ، ئىنسانغا ئىرادە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلاردا ئىرادە ئىنساننىڭ تەقدىرى بولغان. ئىرادە ئىنساننىڭ تەقدىرى ۋە ئىنسان بۇ تەقدىردىن، يەنى ئىختىيارى تاللاشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. تاللاش ئىنساننىڭ تەقدىرىدە بار، شۇڭا ئىنسان تاللاشقا مەجبۇردۇر. ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ تاللاش ئىقتىدارىنى يوق دەپ قارىغان ھەر چۈشەنچە، ئىرادىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. « پەقەت اللّٰه خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر » دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرنى مانا بۇ نوقتىدىن چۈشىنىش كېرەك.

## قۇرئان ھۆر ئىرادە بىلەن تەقدىر ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرىدۇ؟

« بىز ھەر بىر ئىنساننىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭ ئەمەلىگە مۇناسىۋەتلىك قىلدۇق » ( ئىسرا، 13 ).

« ھەر ئادەم ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر » ( تۇر، 21؛ مۇددەسسىر، 38 ).

« بۇ ئىش ( اللّٰه ۋەدە قىلغان ساۋاب ) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن بۇنىڭ ئۈچۈن ( دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ) جازالىنىدۇ » ( نىسا، 123 ).

« ئۇلار بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: < ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، اللّٰه بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان > دەيدۇ. ئېيتقىنكى: < اللّٰه ( بەندىلىرنى ) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرىمايدۇ، ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى اللّٰه نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟ > » ( ئەئراف، 28 ).

« ئۇ ( اللّٰه ) پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ » ( بەقەرە، 26 ).

« ئۇلار ( ھەقتىن ) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى » ( سەپ، 5 ).

« بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ( كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن ) ئۆزگەرتمىگۈچە، اللّٰه ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ » ( ئەنفال، 53 ).

« ئەگەر كاپىر بولساڭلار اللّٰه سىلەردىن بىھاجەتتۇر، اللّٰه بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ » ( زۇمەر، 7 ).

« مۇشرىكلار: < ئەگەر اللّٰه خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا – بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق > دەيدۇ » ( ئەنئام، 148 ).

« روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى – يامانلىق ( مەسئۇلىيەتچانلىق ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارنى ) بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، ... » ( شەمس، 7،8 ).

« روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى ( كۇفرى ۋە پىسقى – فۇجۇر بىلەن ) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ » ( شەمس، 9، 10 ).

ئۇلار: « رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى » ( ئەھزاپ، 67 ).

# تەقدىر چۈشەنچىسىنىڭ رەسۇلۇللاھ زامانىدىكى ئۆرنەكلىرى قايسى؟

رەسۇلۇللاھ تەقدىر چۈشەنچىسىنى قۇرئان تەلىماتى ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەنىدى. ئەبۇ ھۇزامەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئەبۇ ھۇزامە مۇنداق دەيدۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ، ئۆگىنىۋاتىمىز، دورا ئىچىپ ساقىيىۋاتىمىز ۋە قورققان نەرسىلەردىن ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن تەدبىر ئېلىۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىزگە پۈتكەن تەقدىرىنى قايتۇرالامدۇ؟ دەپ سوردۇم. رەسۇلۇللاھ:

- بۇلارمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، دېدى. ( تىرمىزى ).

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي « ئىرادىنىڭ ئىمتىھانى » بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە پۈتكەن تەقدىرنى بىر مەجبۇرىيەت ئەمەس، ئەكسىچە مەسئۇلىيەت دەپ بىلگەن. بولمىسا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمرىدە قىلغان كۆرىشىنى قانداق ئىزاھلاپ بەرگىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئاللاھقا تەسلىمىيەتنىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنىكى بولغان تۇرۇپمۇ، تەدبىرنى قولدىن بەرمىگەنىدى.

رەسۇلۇللاھ قەدەرنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئەمەس، بەندىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئىشەنگەن. شۇڭا ئالدى بىلەن زىياپەت بەردى، ئاندىن دەۋەت قىلدى. بۇ سەۋەپتىن، دارۇل – ئەرقامنى ئۈچ يىل مەخپىي تۇتتى. بۇ سەۋەپتىن تۇنجى ھىجرەت ماكانىنى ھەبەشىستان دەپ قارىدى. بۇ سەۋەپتىن كۈچ ئىشلىتىشكە قوشۇلمىدى، تىنچلىق تەرەپتارى بولۇشقا تىرىشتى. بۇ سەۋەپتىن، دائىمى بىر ھىجرەت ماكانى ئۈچۈن رىسالەتنىڭ سەككىزىنچى يىلىدىن تارتىپ ئىزدىنىشكە باشلىدى. بۇ سەۋەپتىن، تائىپتا تائىپلىقلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ سەۋەپتىن، ئەقەبەدە ئۇچرىشىشنى كېلىشتى ۋە بۇ ئۇچرىشىش بەيئەت بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ سەۋەپتىن، « ھىجرەت »نى ئۇلۇغۋار بىر پىلان دەپ قارىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرىتى ناھايىتى ئەتراپلىق پىلانلانغانىدى. مەدىنىدە يەھۇدىيلەر بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك، ھۇدەيبىيە، قازا ئۆمرىسى، خەيبەر، مەككىنىڭ پەتىھ قىلىنىشى، مۇتە، تەبۇك، ھۇنەيىن غازىتى ۋە

ئىمپىراتورلارغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ قاتارلىقلار تەقدىرنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئەمەس، بەندىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )نىڭ تەقدىر چۈشەنچىسىنى قۇرئان شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى سەھىھلەر ئارىسىدا كۆرسىتىلگەن مۇنداق بىر ۋەقە نەقىل قىلىنغان: ھەزرىتى ئۆمەر ( رەزىيەللاھۇئەنھۇ )نىڭ خەلىپىلىك مەزگىلىدە، ھەزرىتى ئۆمەر شامنىڭ پەتىھ قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئىسلام ئارمىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. قارارگاھتا ۋابا تارقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر يېنىدىكى كىشىلەرگە: « مەن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇنەيمەن، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار » دەيدۇ. قوشۇننىڭ قۇماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە ب. جەرراھ كونا چۈشەنچىسى بىلەن: « ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىۋاتامسەن؟ » دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر: « كاشكى بۇ سۆزنى باشقا بىرسى دېگەن بولسىتى! » دەپ، بۇ مۆتىۋەر ساھابىگە بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ ئۇنىڭغا ياراشمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئاندىن ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى رەت قىلىپ، تەقدىر مەسىلىسىگە قانداق قاراش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىغان بىر جاۋاپنى بېرىپ: « شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمەن » دېگەن.

تەقدىر چۈشەنچىسى سەۋەبىدىن ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ ئۇبەيدەنى ئازارلاپ مۇنداق دېگەن: « بىر تەرىپى چۆل، يەنە بىر تەرىپى سۇلار ئېقىپ تۇرغان يېشىل جىلغىغا چۈشتىڭ دەيلى. تۆگەڭنى سۇ بار تەرەپتە ئوتلاتساڭ، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان بولمامسەن؟ ياكى قۇرغاق يەردە ئوتلاتساڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان بولمامسەن؟ » ( ئەل – كامىل 2 – جىلت، 392 – بەت ).

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىنگەن. ھەزرىتى ئۆمەر:

- نېمىشقا ئوغۇرلىدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئوغرىنىڭ جاۋابى قۇرئان خەۋەر بەرگەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قەدەر چۈشەنچىسى بىلەن ئوپ – ئوخشاش بولۇپ، ئۇ:

- اللّٰه بىزگە پۈتكەن تەقدىر ( قازا ۋە قەدەر ) مۇشۇنداق بولغاچقا ئوغۇرلىدىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر:

- مەنمۇ ساڭا ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوغۇرلۇق جىنايىتىڭنىڭ جازاسىنى بېرىمەن، دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەررە جازاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ. « بۇ جازا نېمە ئۈچۈن؟ » دەپ سورىغانلارغا: « ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەقدىر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغان. نەھجۇل – بەلاغا ناملىق ئەسەرنىڭ 78 – بۆلۈمىدىن نەقىل كەلتۈرەيلى:

« شام سەپىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ( قازا ۋە قەدەرى ) بىلەن بولۇپ – بولمىغانلىقىنى دەپ بەرگىن » دېگەن كىشىگە مۇنداق دېگەن: « ئىسىت ساڭا! سەن قازا ۋە قەدەر، كىشىنىڭ ئىرادە ھۆرلىكىنى بوغۇپ قويغان دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر سەن ئويلىغاندەك بولسا ئىدى، جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ، خوشخەۋەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ، بۇيرۇق بىلەن چەكلىمىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمايتتى. اللّٰہ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى ئەيىپلەپ، ياخشى ئىش قىلغانلارنى ماختىمايتتى. ياخشىلىق قىلغۇچىنى يامانلىق قىلغۇچىدىن ئۈستۈن بولىدۇ دېمەيتتى؛ يامانلىق قىلغۇچى ئەيىپلەنمەيتتى ». ھەزرىتى ئەلى بۇ تەنا ئارىلاش سۆزلىرىدىن كېيىن، بۇ سوئالنى سورىغان كىشىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ دەل جاھىلىيەت مۇشرىكلىرىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: « بۇ دېگەنلىرىڭ بۇتقا چوقۇنغانلارنىڭ، شەيتاننىڭ ئىشىك باقارلىقىنى قىلغۇچىلارنىڭ، يالغانچى گۇۋاھچىلارنىڭ ۋە ھەقىقەتنى كۆرمەي تۇرىۋالغانلارنىڭ سۆزلىرى » دېگەن ( سۇبھانى، ئەل – قازا ۋەل – قەدەر، 74 – بەت ).

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغانلار: « سېنى چالما – كېسەك قىلغان ئاللاھتۇر» دېگەن. ھەزرىتى ئوسماننىڭ بەرگەن جاۋابى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جاۋابى بىلەن ئوخشاش بولۇپ: « يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر. ئەگەر اللّٰہ تاش ئاتقان بولسا، ئاتقان تاشلىرى دەل جايىغا تېگىدۇ » دېگەن.

ئەبۇ مۇسا ئەل – ئەشئەرىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغان. شەھرىستانى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: بىر كۈنى ئامر بىن ئاس ئۇنىڭغا: « اللّٰہ ماڭا بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىپ ئاندىن بۇ سەۋەپتىن ماڭا ئازاپ قىلامدۇ؟ » دەپ سورايدۇ. « ياق » دېگەن جاۋاپنى ئالغاندىن كېيىن، « نېمە ئۈچۈن؟ » دەپ سورايدۇ. ئەبۇ مۇسا: « چۈنكى ئاللاھ ساڭا زۇلۇم قىلمايدۇ » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئەبۇ مۇسا بىلەن ئامر بىن ئاس ئارىسىدىكى پەرق.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغانىدى. ئىبنۇل مۇرتەزا « تاباقات » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: « بەزى كىشىلەر ھاراق ئىچىپ، ئوغۇرلۇق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن. ئاندىن بۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىشقان. بۇ ئەھۋال ئىبن ئۆمەرگە يەتكەن. ئۇ جاۋاپ بېرىپ: < اللّٰه پاكتۇر. ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ ئىلمىدە بار ئىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ ئىلمى ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى > » دېگەن.

## قۇرئاندىكى ئىسلامدا ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈستۈن بولۇش ئۆلچىمى بارمۇ؟ بولسا ئۇلار نېمە؟

قۇرئاندا اللّٰه ھوزۇرىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ پەقەت بىرلا ئۆلچىمى بار. يەنى، « مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەقۋالىق ».

« ھەقىقەتەن ئەڭ مەسئۇلىيەتچان ( تەقۋادار ) بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر » ( ھۇجۇرات، 13 ).

## قۇرئان ئىرق ۋە تەن رەڭلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا نېمە دەيدۇ؟

قۇرئان ئۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى پارچىلارنى « ئايەت » دەپ ئاتىغاندەك، ئىنسانلارنىڭ تەن رەڭگىنىڭ ۋە تىلىنىڭ پەرقلىق بولىشىنىمۇ « ئايەت » دەپ ئاتايدۇ. قۇرئاندا ئىنسانلارنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە تەن رەڭگىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئوخشاش تەبىئىي ئەھۋال ۋە بىر ئايەت:

« ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنى، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ خىل بولىشى ئاللاھنىڭ ( كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ) ئايەت ( ئالامەت ) لىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار » ( رۇم، 22 ).

## ئىسلام ئېتىقاد ئوخشاشماسلىقىغا قانداق قارايدۇ؟ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى يوقمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى قۇرئاندىن ئالايلى:

« دىندا زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى » ( بەقەرە، 256 ).

« ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( يۇنۇس، 99 ).

« ئېيتقىنكى: < ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان مەبۇدلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن > » ( كافىرۇن سۈرىسى ).

# ئیسلامدا ئیبادەتلەر

## ئىسلام بىلەن باشقا دىنلارنىڭ ئىبادەت چۈشەنچىسىدە قانداق پەرق بار؟

ئىسلامدا ئىبادە پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش، يەنى مەيلى رەسۇل، ئالىم، ئەزىز ياكى شەيتان بولسۇن بۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ خاراكتېرىنى نىيەت بەلگىلەيدۇ. نىيىتى خالىس بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتى، كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئەسلى روھىغا قانچىلىك مۇۋاپىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. ئىسلامدا ھەجگە ئوخشاش مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندا ئادا قىلىنىشى شەرت بولغان ئالاھىدە ئىبادەتلەردىن باشقا ئىبادەتلەر، بەلگىلىك ماكانغا مەھكۇم قىلىنغان ئەمەس.

خىرىستىيانلار چىركاۋدا ئىبادەت قىلىدۇ. مۇسۇلمان نامىزىنى ھەر يەردە ئادا قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: « يەر يۈزى ماڭا مەسجىد قىلىپ بېرىلدى » دېگەننىدى ( نەسائى 2/42 ). يەر يۈزىنىڭ ھەممە يېرى مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىبادەتخانا رولىنى ئوينايدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان جاي پاكىز بولسىلا بولىدۇ.

خىرىستىيان مەزھەپلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئىبادەتنى رۇھبان ( دىنى ئۆلىما – پوپ ) تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان بىرى قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئىسلام دىنىدا رۇھبان سىنىپى يوق بولۇپ، ناماز قىلدۇرۇش بەلگىلىك كىشىلەرنىڭ مونوپۇللىقىدا ئەمەس. بىلىملىك ھەر مۆئمىن، ھەر مۇئمىنگە ئىمام بولالايدۇ.

ئىسلامدا ئىبادەتكە خاس كىيىم يوق. ئىسلامدا رۇھبان سىنىپى بولمىغاچقا، رۇھبان سىنىپىغا خاس بىر كىيىم شەكلىمۇ يوق. ئىماملارنى باشقا مۇئمىنلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان كىيىم، دىنىنىڭ ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى.

## ئۇبۇدىييەت دېگەن نېمە؟ ئىبادەت بىلەن ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟

كۈندىلىك ۋە بەلگىلىك شەكىلدە كۆرسىتىلگەن ھەرىكەتلەر « ئىبادەت » بولۇپ، ئىسلامدا ئىبادەت بەلگىلىك شەكىلدىنلا تەشكىل تاپمىغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىمۇ بەلگىلىك شەكىلدىكى « ئىبادەت » بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئىسلام « ئىبادەت » دىنى ئەمەس، « ئۇبۇدىييەت » دىنىدۇر.

ئۇبۇدىييەت - « پەقەت ئاللاھقىلا بەندە بولۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا اللّٰه: « مەن كۆرۈندىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم! » ( زارىيات، 56 ) دەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا مەلۇم بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلارغا « رۇھبان ( ماكانغا مەھكۇم بولغان ) ھاياتى »نى تەۋسىيە قىلمىغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭ مەنىسى ئىشلەش، يەپ – ئىچىش قاتارلىق كۈندىلىك پائالىيەتلەرنىمۇ « ئىبادەت »كە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ ھاياتنى ئاللاھنىڭ رەھبەرلىكىدە ياشاشنى غايە قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كىشى ھاياتىنىڭ مەنىسى ۋە مەقستى اللّٰه بولىشى كېرەك. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋاقىتتا، ئۇ كىشىنىڭ خىزمەت، يېمەك – ئىچمەككە ئوخشاش كۈندىلىك نورمال پائالىيىتى « بەندىلىك ۋەزىپە »نىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىدۇ.

# ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر قايسى؟

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا ئىسلامدا ئىبادەتلەرنى بەلگىلىك سانلىق مىقدارغا مەھكۇم قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ بارلىق ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن ئۆزىنى تارتىشمۇ « ئىبادەت » دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭغا ھالال يولدىن رىزىق تېپىش ئۈچۈن دۇرۇستلۇق بىلەن ئىشلەش ۋە قىممەت يارىتىشمۇ كىرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئىبادەتلەر زەنجىرىدە شۇ بەش تۈرلۈك ئىبادەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ:

1. ناماز ئوقۇش. شەرتى، ۋاقتى ۋە شەكلى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىبادەت.

2. زاكات بېرىش: تەڭ بەھرىمان بولۇش ئاساس قىلىنغان، مال – مۈلكنى پاكلاش خاراكتېرلىق ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت.

3. روزا تۇتۇش: مەسئۇلىيەت ئېڭى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر ئاي كۈندۈزى يەپ – ئىچىشتىن توختاش.

4. ھەجگە بېرىش: ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق پايدىسى ئۈچۈن جەم بولۇش مەقسىتىدە، ئادەم باللىرى يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم سالغان « تۇنجى ئۆي » بولغان كەبىنى زىيارەت قىلىش.

5. جىھاد قىلىش: جىھاد ئىنسانىيەت قوبۇل قىلغان ئورتاق ھەقىقەت ( مەئرۇف )لارنى كېڭەيتىش، قوبۇل قىلغان ئورتاق خاتا ( مۇنكەر )لارنى ئازايتىش ئۈچۈن « قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا ( قولىدىكى ئىمكانلارنى ياكى نېمەتنى )باشقۇرۇشنى، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەمىر قىلىنغان. ناماز ۋاقىت ۋە بەندەننى؛ زاكات مال – مۈلۈكنى؛ ھەج جامائەت ( گۇرۇپپى )نى؛ روزا شەھۋەتنى؛ جىھاد غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقنى قانداق باشقۇرۇشنى، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

## ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن روھبان سىنىپى يوق؟

قۇرئاندا اللّٰه ئىنساندىن ئۆزىگە بىۋاستە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى « اللّٰه بەندىسىگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن »( قاف، 16). بۇ يەردە مەسىلە ئىنسان. بۇ يەردە ئىنساندىن شۇ سوئال سورالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ: « اللّٰه ساڭا جان تومۇرىڭدىنمۇ يېقىن ئىكەن، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭگە يېقىنمۇ؟ ». اللّٰه بىلەن ئىنسان ئارىسىغا ۋاستىچى قويۇش، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا يىراق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئىسلام بۇنى قاتتىق رەت قىلىدۇ. اللّٰه بىلەن بەندە ئارىسىغا ۋاستە قويۇشنى ئىسلام « شېرىك » دەپ ئاتايدۇ. شېرىك، قۇرئاندا ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر.

## ئىسلام روھبان سىنىپىغا قانداق قارايدۇ؟

ئىسلام روھبان سىنىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق بىر سىنىپنىڭ بولىشىنى رەب بولغان ئاللاھنىڭ ھەققىگە ئورتاق بولىۋېلىش دەپ قارايدۇ ( تەۋبە، 31 ).
ئىسلامدا ھېچكىمنىڭ اللّٰه نامىدىن سۆز قىلىش ( دىندا بولمىغان نەرسىلەرنى بەلگىلەش ) ھەققى يوق، ئەلچىلەرمۇ شۇنداق. ئەلچىلەرنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەنلەرنى تەبلىغ قىلىش ( مائىدە، 67 ) ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە ئوخشاش ياشاش ۋەزىپىسى بار. ھېچكىم باشقا بىرىنى اللّٰه نامىدىن ئەپۇ قىلالمايدۇ، ئەلچىلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئۇلار پەقەت باشقىلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىيەلەيدۇ ( ئالئىمران، 159 ).
ئىسلامدا ھېچكىم مەيلى ئۇ رەسۇل بولسۇن، بىراۋنىڭ ئەبەدىي ھاياتتا نىجاتلىقىغا ئېرىشىشىگە كاپالەت بېرەلمەيدۇ. اللّٰه رەسۇلۇللاھنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرىيدۇ: « ئېيتقىنكى، مەن تۇنجى ئەلچى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە

قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن » ( ئەھقاف، 9 ). رەسۇلۇللاھ ۋاپاتىدىن بۇرۇن: « قىزىم پاتىمە! سالىھ ئەمەللىرىڭ بىلەن ئۆزەڭنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن! اللَّه بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتىن ساڭا كېلىدىغان بىر نەرسىنى مەن سەندىن دەپئى قىلالمايمەن! » دېگەن ( بۇخارى ۋە مۇسلىم ).

## ئىسلام پاكىزلىق ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

ئىسلام باشتىن ئاخىرى پاكىزلىق بولۇپ:

ئىمان قەلبىنىڭ، ناماز ئەخلاقىنىڭ، تەھەرەت تاشقىي ئورگانلىرىنىڭ، غۇسۇل پۈتۈن بەدەنىنىڭ، زاكات تاپاۋەتنىڭ، روزا شەخسىيەتچىلىكنىڭ، ھەج ئۈممەتنىڭ، جىھاد ھەرىكەتنىڭ، ئەمر بىل – مەئرۇف، نەھىي ئەنىل – مۇنكەر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ، ھېكمەت ئەقلىنىڭ، تەۋھىد ئەقىدىنىڭ، تەۋبە قەلبىنىڭ، ھالال غىزا ئۇزۇقلۇقنىڭ، قۇربانلىق نىيەتنىڭ تازلىقىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئېغىز تازلىقىنى خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىبادەتكە ئايلاندۇرغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ چىشنى كۈندە بەش قېتىم چوتكىلىغان ۋە بۇنى مۇسۇلمانلارغا بىر سۈننەت شەكلىدە تەۋسىيە قىلغان. مۇسۇلمانلار ھاجەتكە بارغاندا سۇ بىلەن پاكلىنىدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن مۇھىم تەۋسىيىسى. دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلەر ئىچىدە « كىيىمىڭنى پاكىز تۇت! » ۋە « بارلىق مەنىۋىي كىرلەردىن يىراق تۇر! » (مۇددەسسىر، 4 ـ 5 ) ئەمىرلىرى، ھەم كىيىم ھەم ئۇ كىيىم ئىچىدىكى بەدەننى، ھەم ئۇ بەدەنىنىڭ ئىچىدىكى قەلبنى پاكىز تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# ناماز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

نامازنىڭ ئەسلى ئەرەپچە ئاتىلىشى سالات بولۇپ، بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈرۈك، تىرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا كۆپ مەنىدە يەنى، قۇل بولۇش، ئىبادەت، دۇئا، تەلەپ، ياردەم دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ناماز بۇرۇنقى ئەلچىلەر ئارقىلىق ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن ئىسلام ئىبادەتلىرىدىن بىرسى. ئەھلى كىتابلاردىن بەزىلىرى بۇ ئىبادەت شەكلىنى نەسىلدىن نەسىلگە يەتكۈزۈپ كەلگەن. ناماز ھەر مۇسۇلمان ئادا قىلىشقا تېگىشلىك كۈندىلىك ئىبادەتتۇر. نامازنىڭ بەزى ئالاھىدە شەرتلىرى بار.

ناماز، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىسى بىلەن « دىنىنىڭ تۈرىكى»دۇر.

ناماز، ئىنسانىنىڭ اللّٰه ھوزۇرىدا ھۆرمەتتە تۇرىشىدۇر.

ناماز، ئىنسان بىلەن اللّٰه ئارىسىدا ئەمەلىيلەشكەن دىئالوگدۇر.

ناماز، اللّٰه ئىنسانغا بەرگەن ئالاھىدە ئۇچرىشىش ۋاقتىدۇر.

ناماز، ئىنسانىنىڭ اللّٰه بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە بولغان ساداقىتىدۇر.

ناماز، بارلىقى ئاللاھقا قەرزدار بولغان ئىنساننىڭ رەببىگە بولغان مىننەتدارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ناماز، ئىنسانغا قۇل بولماسلىق، يىگانە ئاللاھقىلا قۇل بولغانلىقتۇر.

ناماز، شان – شەرەپ بولۇپ، پەقەت اللّٰه ئالدىدىلا باش ئېگىش، ئاللاھتىن غەيرىگە باش ئەگمەسلىكتۇر.

ناماز شاھىتلىقتۇر. ناماز ئوقۇغان كىشى گۇۋاھچى بولىدۇ ۋە گۇۋاھچى تۇتىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەقلى، پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى گۇۋاھچى بولالايدۇ دەپ بىلىدۇ. ناماز ئوقۇلغان ماكان، ۋاقىت ۋە بۇ ۋاقىتلارنى شەكىللەندۈرگەن قوياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار بىرەر گۇۋاھچىدۇر ( شەمس، 1 – 4 )، تاھارەت ئېلىنغان سۇ، يۇيۇلغان ئورگانلار گۇۋاھچىدۇر ( ياسىن، 65 ).

## ناماز نېمە ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟

قۇرئاندا نامازنىڭ مۇنداق ئىككى مەقستى بار ( ئەنكەبۇت، 45 ):

1. ئىنسانغا قارىتىلغان مەقستى: ئىنساننى ھەر تۈرلۈك قەبىھ ئىشلاردىن ( فاھشا ) ۋە ئىنسانىيەت ئورتاق ئەقلى يامان كۆرگەن يامان قىلمىشلار، گۇناھلار ( مۇنكەر )دىن توسىدۇ.

2. ئاللاھقا قارىتىلغان تەرىپى: ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھ تەرىپىدىنمۇ ئەستە تۇتۇلۇش.

## ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟

نامازنىڭ ئالتىسى تېشىدا ۋە ئالتىسى ئىچىدە بولۇپ 12 تۈرلۈك شەرتى بار.

سىرتىدىكى ئالتە شەرتى:

1. ھىسسى پاكلىق - جۇنۇپلۇق ۋە ھەيىزدارلىقتا ئوخشاش، بەدەن مەنىۋى دۇنيادا پەيدا قىلغان، مەنىۋى كىرلىك تۇيغۇسى بەرگەن بېسىمدىن يۇيۇنۇش ئارقىلىق خالىي بولۇش.

2. بەدەنى پاكلىق – ۋۇجۇدىنى، كىيىم – كېچەكنى ۋە ئىبادەت قىلىدىغان يەرنى، نىجاسەت ۋە سۈيدۈك قاتارلىق بارلىق ماددىي بۇلغۇنۇشتىن پاك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. جىسمى پاكلىق مەنىۋى ئىبادەت بولغان نامازنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: بەدەن بىلەن رۇھ، جىسىم بىلەن مەنا، فىزىك بىلەن مېتافىزىك ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق، بۇ بىر جۈپلەرنى دىراماتىك شەكىلدە بىر – بىرىدىن جۇدا قىلماسلىق...

تاھارەتمۇ بۇ شەرتنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئالاھىدە بىر پاكلىنىش ھەرىكىتىدۇر. تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. تاھارەت، ئادەتتە كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئورگانلارنى سۇ بىلەن پاكلاش ھەرىكىتىدۇر ( مائىدە، 6 ).

قۇرئاندا تاھارەت ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يولىدىن بىر نەرسە چىققاندا ۋە جىما قىلغاندا بۇزۇلىدۇ ( مائىدە، 6 ).

سۇ يوق يەردە تاھارەت پاك توپراق بىلەن ئېلىنىدۇ ( نىسا، 43 ). بۇ سىمۋول خاراكتېرلىق تاھارەت بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا نامازنىڭ مۇئمىن ئۈچۈن ۋازكەچكىلى بولمايدىغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. ئورنۇش ( ھىجاپ ) – ئايال كىشىنىڭ قول، يۈز ۋە ئاياق قىسمىدىن باشقا ۋۇجۇدىنىڭ بارلىق يېرىنى؛ ئەر كىشىنىڭ كىندىك بىلەن تىزى ئارىسىنى ئىبادەت ئىچىدە ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت ئۈچۈن يېپىشى بولۇپ، بۇ ئەڭ تۆۋەن ئورنۇش شەكلىدۇر. ھىجاپلىنىش مۇئمىنىنىڭ ﷲ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىغا بەرگەن ئەھمىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نامازدا ھىجاپلىنىش، بەدەننى يۆگەپ روھنى ئېچىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بىر نەرسىنى يېپىپ قويۇش، مۇنداق قىلىپ ئېيتساق، ئۇنى ئارقىغا ئېلىش؛ بىر نەرسىنى ئېچىش بولسا، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىش ھەرىكىتىدۇر. مەنىۋىيەت ئالدىنقى قاتارغا ، ۋۇجۇت ئارقىغا ئېلىنىغان ھالدا تۇرۇش، نامازنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە مۇناسىپ بولغان شەكلىدۇر ( نۇر، 31، 60؛ ئەھزاپ، 59 ).

4. قىبلە – دۇنيانىڭ قەيېرىدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر كەبە تەرەپكە يۈزلىنىشتۇر ( بەقەرە، 144 ). چۈنكى كەبە، ئىنسان زېمىندا بەرپا قىلغان تۇنجى ئۆي ( ئالئىمران، 96 ). قىبلە شەرتى، مۇئمىن كىشىدە ماكان ۋە جۇغراپىيە ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە، تەرەپ ئىدراكىنى ئويغۇتىدۇ.

نامازدا كەبىگە يۈزلىنىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا ماكانىغا يۈزلىنىشتۇر. بۇ زېمىندا تۇنجى مەدەنىيەتلىشىش ۋە بىناكارچىلىق ھەرىكىتىگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتتۇر. كەبىنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قايتىدىن ئېگىزلەتكەنىدى ( بەقەرە، 127 ). كەبىگە يۈزلىنىش ئەلچىلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا مەنىۋىي جەھەتتىن ئاۋاز قوشقانلىق بولىدۇ ( ھەج، 27 ).

ئىبادەتتە بەدەننىڭ قىبلىسى كەبە، قەلبىنىڭ قىبلىسى ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ ( بەقەرە، 115 ). ئاللاھ ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن ( قاف، 16 ). ئىنسان ئۆزىگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئاللاھقا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

5. ۋاقىت – بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا نامازنى ئادا قىلىش. ناماز ۋاقتىنىڭ پەرز قىلىنىشى، ئىنساندا ۋاقىت ئېڭىنى بەرپا قىلىش ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ناماز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىكىگە ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىمۇ بەش ۋاقىت قىلىپ بەلگىلەنگەن.

ناماز ۋاقتىنى بەلگىلەشتە قوياشنىڭ ئورنى ئاساس قىلىنىدۇ، قوياشنى ئۆلچەم قىلىش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك سائىتى ئاساس قىلىنىدۇ. ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلىشتە، مۇئمىن دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئاسانلا بىلەلىسۇن دەپ، قوياشنىڭ ئورنى ناماز ۋاقتىنى بەلگىلەشتە ئۆلچەم قىلىنغان. بۇ ئىبادەتتە بىرلىكنى ساقلاش ۋە بىر كۈننىڭ ھەر سائىتىدە زېمىننى نامازسىز قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ ( ھۇد، 118؛ ئىسرا، 78 ).

6. نىيەت – قىلغان ئىشنى ئاڭقىرىغان ھالدا قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇئمىن ئىبادەت قىلىش ئىرادىسىنى ئۆزىگە جاكارلاپ، رەببىگە ئاڭلىق، مەقسىتىنى بىلگەن ھالدا يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. نىيەت ئەقلنى ئىشلەتكەن قەلبنىڭ ئىبادىتى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ: « ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق » دېگەندى.

# نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە شەرتى

1. تەكبىر – اللّٰه دائىم ئۇلۇغدۇر مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئاللاھۇ ئەكبەر بىلەن نامازنى باشلاشنى كۆرسىتىدۇ. باشتا نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ بىرسىدە « رەببىڭنى ئۇلۇغلا! » ( مۇدەسسىر، 3 ) بۇيرىقى بېرىلگەن.

ئاللاھۇ ئەكبەر ئىپادىسىنى كۆرسىتىدىغان تەكبىر ئۇقۇمى، ئاللاھنى ھەر قانداق نىسبەتتىن يىراق تۇتقان ھالدا ئەڭ ئۇلۇغ، بىردىنبىر ئۇلۇغ، شەرتسىز ئۇلۇغ دەپ بىلىشتۇر. ئىنسان تەكبىر ئېيتقاندا، دۇنيانى ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلايدۇ. ئالدىدا پەقەت رەببىگە ئۇلاشتۇرىدىغان بىر يول قالىدۇ. ئۇ يول ھەر مۇئمىن نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئوقۇيدىغان فاتىھە سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان « سىراتەل مۇستەقىيم - توپتوغرا يول »دۇر.

2. قىيام – اللّٰه ھوزۇرىدا تۇرغاندەك ھېس – تۇيغۇ بىلەن ئاڭلىق ۋە ئەدەبلىك ھالدا ئۆرە تۇرۇشنى كۆرسىتدۇ ( فۇرقان، 64؛ ئالئىمران، 191 ).

قىيامدا تۇرۇش، ئۆرە تۇرۇش، تىك تۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قىيام كەلىمەئى تەۋھىدنىڭ باشتىكى يېرىمىدۇر. يەنى « لا ئىلاھە ئىللەللاھ ( ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر ) »نىڭ « لاھ ئىلاھە » قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى بۇ شېرىككە، كۇپۇرغا، ئىسيانغا، تۇغيانغا قارشى چۇقاندۇر. قىيامىمۇ بۇ مەنىگە ئىگە. مۇئمىن قىيامدا تاغلارنى تەمسىل قىلىدۇ. تاغلار چوقىلاردىن ئۇزۇق ئالىدۇ. ئۇلارنى سۇغۇرۇپ تۇرغان يامغۇر بۇلۇتتىن چۈشىدۇ. قەلبى تۇپرىقىنىڭ يامغۇرى بولغان ۋەھيىمۇ ئاللاھنىڭ ئەرشىدىن چۈشىدۇ.

3. قىرائەت – ئوقۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقان قۇرئاندىن، اللّٰه بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇدا، چىن يۈرەكتىن ئاڭلىغان، ئەقىل بىلەن چۈشەنگەن، تەپەككۇر قىلغان، تىل بىلەن تەلەپپۇز قىلغان ھالدا بىر مىقدار ئوقۇشتۇر قىرائەت ( مۇززەممىل، 4 ).

قىرائەت، قۇرئاننىڭ ناماز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىشى بولۇپ، ناماز ۋەھيىنىڭ بەدىنى، ۋەھىي نامازنىڭ روھىدۇر. قۇرئان بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز، ئىچىگە روھ پۈۋلەنگەن بىر ئىبادەتتۇر. قىرائەت تىرىكلىك بەخش ئەتكۈچى ۋە

تىرىلدۈرگۈچىدۇر. قىرائەت ئوقۇشتۇر. ئوقۇشتىن مەقسەت ياشاشتۇر، ھاياتقا تەدبىقلاشتۇر. چۈشەنمەي تۇرۇپ ھاياتقا تەدبىقلاش مۇمكىن ئەمەس.

فاتىھە – قىرائەتنىڭ يۈرىكىدۇر. فاتىھە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغاندەك « ئالللاھ بىلەن بەندىنىڭ سۆزلىشىشىنى تەمسىل قىلىدۇ ». يەنى فاتىھە، نامازنى بەندە بىلەن ئالللاھ ئارىسىدىكى سۆھبەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ « فاتىھەسىز ناماز بولمايدۇ » دېگەن. قىيام تاغلارنى تەمسىل قىلغان بولسا، قىرائەت مۇئمىننىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ تۇرىدىغان يامغۇر بۇلۇتىنىڭ مىسالىدۇر.

4. رۇكۇ – بەلنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ يەرگە پاراللېل شەكىلدە ئېگىلىشى ( بەقەرە، 43 ) بولۇپ، ئالللاھتىن غەيرى ئالدىدا ئېگىلمەسلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئىنساننىڭ شان – شەرىپىنى قوغداش ھەققىدە بەرگەن بىر ۋەدىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. رۇكۇ ئۆز ئالدىغا بىر ئىجتىمائىي تەسلىمىيەتنى، سەجدە شەخسى تەسلىمىيەتنى نامايەندە قىلىدۇ. چۈنكى « رۇكۇ قىلغانلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار » ئايىتى بار، لېكىن « سەجدە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە سەجدە قىلىڭلار » ئايىتى يوق. رۇكۇ، قىيام بىلەن سەجدە ئارىسىدىكى بىر بىكەتتۇر.

رۇكۇدا بەندە تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان جانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ناماز، ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەتكە ۋاكالىتەن ﷲ ھوزۇرىغا چىقىپ بەرگەن خەلىپىلىك ئەھدىدۇر. رۇكۇ سەجدە بىلەن بىرلىكتە « لاھ ئىلاھە ئىللەللاھ »نىڭ ئىككىنچى يېرىمى بولغان « پەقەت ئالللاھ، ئىبادەت قىلىشقا لايىق » مەنىسىدىكى « ئىللەللاھ »نى بىلدۈرىدۇ. رۇكۇ « ھەمدۇ - سانا »نىڭ بەدەن تىلىدىكى ئىپادىسىدۇر. شۇڭا رۇكۇدىن تۇرغاندا، بەندە « ھەمد ئېيتقۇچىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ ( سەمى ئالللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ )» دەيدۇ.

5. سەجدە – ئىنساننى ھايۋانلاردىن ئايرىپ تۇرغان ئەڭ ئېنىق ئورگان بولغان باشنىڭ ئالدى قىسمى ( پىشانە )نى يەرگە تەككۈزۈشتۇر. ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئالللاھقا، ياراتقۇچى رەببىگە قارشى كىبىرلىك قىلمىغانلىقىنى ۋە ھەددىنى بىلگەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. سەجدە بەندىنىڭ ﷲ ئالدىدا ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ( ئەلەق، 19 ) بولۇپ، ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى ئىپادىلەيدۇ.

خۇشۇ ھېس قىلغان قەلب باشتا ساھىبىنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن بويۇن ئەگدۈرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا سەجدە قىلدۇرىدۇ. سەجدە ئىنساننىڭ اللّٰه ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە بەندىلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر.

سەجدە ئاللاھقا قۇربان بولۇشتۇر. « سەجدە قىلغىن ۋە يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن » ( ئەلەق، 19 ) ئايىتى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

سەجدە ئانا قوسىقىدىكى ساپ ھالەتكە قايتىشتۇر. بۇ سەۋەپتىن سەجدىدىكى تۇرۇش شەكلى ھامىلىنىڭ ئانا قوسىقىدىكى تۇرۇش شەكلىگە ئوخشايدۇ.

شۈبھىسىزكى، سەجدە سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە، مەنىۋىي قىممىتى يۇقىرى بولغان تۇرۇش شەكلىدۇر. سەجدە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەر ئارىسىدا، ئىنسان ئاناتومىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر نوقتا بار. ئاناتومىيە نوقتىسىدىن سەجدە، ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى اللّٰه ھوزۇرىدا يەرگە تەڭ قىلىشىدۇر. 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر تۆمۈر يول ئىشچىنىڭ پىشانىسىگە كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ھەرىكىتى سەۋەپلىك چاچراپ چىققان تاش تېگىدۇ. ئىشچى بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقۇتۇپ، ھاياتىنى بىئولوگىيىلىك بىر جانلىق سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرغان. ئىنسانلىقىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان پىشانىمىزنى ئاللاھ ھوزۇرىدا يەرگە تەككۈزىشىمىز، بارلىقىمىز، ئىنسانلىقىمىز جەھەتتىن قەرزدار بولغان ئاللاھقا ئېيتقان مىننەتدارلىقىمىزنىڭ نامايەندىسىدۇر.

6. قادە – نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن رەببىمىز ھوزۇرىدا ئولتۇرغاندەك، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا ھۆرمەتتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز تىترىگەن ۋە ئەيمەنگەن ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ ( ئالئىمران، 191 ).

ئولتۇرۇش، سەپەرنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ناماز ئىچىدە دۇئانىڭ ئەڭ كۆپ قىلىنغان قىسمىدۇر. دۇئا پەقەت « ئىبادەتنىڭ نىگىزى » بولۇپلا قالماستىن، نامازنىڭمۇ نىگىزىدۇر. سالام مىراج سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭىزدىكى پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە سالام بېرىش ئارقىلىق، مەۋجۇدىيەتكە ۋاكالەتەن بۇ مىراج سەپىرىنى ئادا قىلغانلىقىڭىزنى بايان قىلغان بولىسىز.

ناماز ئاللاھقا تەسلىمىيىتىڭىزنىڭ ئالامىتىدۇر.

سالام ۋە سالامەت تەسلىمىيىتىڭىزنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

تەسلىمىيىتىڭىز ئىسلامىڭىزنىڭ بەلگىسىدۇر.

سالام بېرىش ئارقىلىق تەسلىمىيىتىڭىزنىڭ مۇكاپاتىنى پۈتۈن مەۋجۇدىيەت بىلەن بىرگە بەھرىمان بولغان بولىسىز.

## ناماز قەيەردە ئوقۇلىدۇ؟

يەر يۈزىنىڭ پاكىز بولغان ھەرقانداق جايىدا ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا كۆرە، ناماز ئوقۇلغان ھەرقانداق جاي ناماز ئوقۇغان كىشىگە گۇۋاھچى بولىدۇ. ھەر مۇئمىن بىردىن ئارتۇق ماكاننىڭ ئۆزى ئۈچۈن شاھىت بولىشىغا تىرىششى كېرەك.

## ئىسلامدا مەسچىتنىڭ رولى نېمە؟

مەسچىتلەر كەبىنىڭ تارماقلىرى قاتارىدا بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ قارىلىدۇ. مەسچىتلەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى اللّٰه تۇر: «مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار» ( جىن، 18-ئايەت ). مەسچىتلەرنىڭ ئىشكىنى بەندىلەرگە ئېتىۋېلىش ھوقۇقى ھېچكىمگە بېرىلمىگەن. مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن ھېچكىم بىراۋدىن ھەق تەلەپ قىلالمايدۇ. مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسچىتكە كىرىپ پاناھلانغۇچىنى ھېچكىم سىرتقا مەجبۇرىي چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.

ئىسلامدا مەسچىت پەقەت بىر ئىبادەتخانا رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئىسلام جامائىتىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ يۈرىكىدۇر. مەسچىتنىڭ رولى خۇددى يۈرەكنىڭ كۆك تومۇر يولى بىلەن كىرلەنگەن قاننى يىغىپ، تازلانغان قاننى قىزىل تومۇر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا تارقىتىشىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىسلام جامائىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىرلەنگەن ئەزالىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى ئەقلىي جەھەتتىن بىلىم بىلەن، قەلبى جەھەتتىن ئىبادەت بىلەن پاكلاپ جەمئىيەتكە قايتۇرىدۇ.

## جۈمە كۈنىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن « جەم بولۇش كۈنى ». جۈمە « جەم بولۇش، يىغىلىش، كېڭىشىش » دېگەنلىك بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ شەنبە، خىرىستىيانلارنىڭ يەكشەنبە كۈنىدىن جۈمە كۈنىنى ئايرىپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم نوقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ جۈمەنى « ھەپتىلىك ئىبادەت كۈنى » دەپ قارىماسلىقى بولۇپ، جۈمە نامىزىنى ئۆزگىچە قىلغان ئايەت « تىجارىتىڭلارنى توختۇتۇپ، ئاللاھنى ياد قىلىش ئۈچۈن كېلىڭلار» ( جۇمۇئە، 9 ) دەپ بۇيرىشىدۇر. بۇنىڭدىن ئىسلامدا يەھۇدىيلىك ۋەياكى خىرىستىيانلىقتىكىگە ئوخشاش بىر

«ھەپتىلىك ئىبادەت كۈنى» چۈشەنچىسى يوق. قالغان نامازلارغا ئوخشاش جۈمە نامىزىمۇ مۇئمىنگە پەرز.

## جۈمە نامىزى قانداق ناماز؟

جۈمە نامىزى ھەر مۇئمىنگە پەرز قىلىنغان بىر ئىلاھى بۇيرۇق بولۇپ ( جۇمۇئە، 9 – ئايەت )، مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت شەكلىدە ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان ھەپتىلىك ئىبادىتى. جۈمە نامىزى جۈمە كۈنى پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىغا ئادا قىلىنىدۇ. جۈمە ئوقۇغان كىشىنىڭ پېشىن نامىزى ئوقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق.

جۈمە نامىزىنى پېشىن نامىزىدىن ئايرىپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم پەرق پېشىنىنىڭ تۆت رەكەت، جۈمەنىڭ ئىككى رەكەت بولىشى. پېشىن نامىزى جۈمە كۈنىگە خاس قىلىپ ئەسلىدىكى ئىككى رەكەتنى ئاۋامغا ئوچۇق بولغان تەلىم تۈرى بولغان « خۇتبە » گە بەرگەن.

## خۇتبە دېگەن نېمە؟

خۇتبە – خىتاپ قىلىش، نەسىھەت قىلىش، سۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، خۇتبىنى « ئىبادەت تەربىيىسى » ياكى « پەرز بولغان تەلىم » دېسەكمۇ بولىدۇ. ئومۇمىي تەربىيە شەكلىنىڭ دۇنيادا ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈرى بولۇپ، ئاقىل ۋە بالىغ ( يېتىلگەن ) بولغاندىن كېيىن، تاكى ئۆلگىچە ھەر مۇئمىنىنىڭ بۇ تەلىم – تەربىيىگە ئاۋاز قوشۇشى ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر.

خۇتبىلەردە ئىسلام جامائىتىنىڭ مەسىلىلىرى قۇرئان كۆزنىكىدىن مۇلاھىزە قىلىنىدۇ ۋە ئىسلام جامائىتىنىڭ ئاقىل، بالىغ بولغان بارلىق ئەزالىرىغا مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. خۇتبىلەر مەسچىتلەرنى بىر ئىلىم بۇلىقىغا، ئىبادەتنى بىر تەلىم ۋە دەرسكە، ئىماملارنى بىرەر ئوقۇتقۇچىغا، جامائەتنى بىرەر ئوقۇغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

## باشقا دىنغا ئائىت مۇقەددەس ئىبادەتخانىلارغا قارىتا ئىسلامنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟

ھۆرمەت ۋە قوغداش. قۇرئان باشقا دىنلارغا مەنسۇپ ئىبادەتخانىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر اللّٰە ئىنسانلارنى بىر – بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى ئەڭ كۆپ ياد قىلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى،... ( ھەج، 40 ).

## ئەزان نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئەزان ناماز ۋاقىتلىرىدا مۇئمىنلەرگە يۇقىرى ئاۋازدا قىلىنغان چاقىرىقتۇر. مەقسىتى، مۇئمىنلەرگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزانى، يەھۇدىيلىكتىكى بۇرغا ئاۋازى، خىرىستىيانلىقتىكى قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئەزاندا تەبىئىي ئىنسان ئاۋازىنىڭ ئىشلىتىلىشى، چاقىرىقنىڭ ئىنسانىيەتنى ۋە تەبىئىيلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئەزاننىڭ باشتىن ئاخىرى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە جۈملىلەردىن تەركىب تېپىشى، مەقسەتنىڭ پەقەت « چاقىرىق » ئەمەسلىكىنى، ئىنسانغا ئاساسىي ھايات مىزانىنى ئەسلىتىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەزاننى تەشكىل قىلغان جۈملىلەر، ئىمان بىلەن ئىبادەت ئارىسىدىكى ئۈزۈلمەس مۇناسىۋەتنى تەكىتلەيدۇ.

ئەزان بىر ھاكىمىيەت ياكى كۈچنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى بىر تىنچلىق ۋە دوستلۇق چاقىرىقىدۇر.

ئەزاننىڭ سۆزلىرى، رەسۇلۇللاھ نىڭ زامانىدا بەلگىلەنگەن. بۇ سۆزلەر ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مەركىزى بولغان تەۋھىدنى تەمسىل قىلىدۇ. ئەزان شۇ سۆزلەردىن تەشكىل تاپىدۇ:

ئاللاھۇئەكبەر - اللَّه ئەڭ ئۇلۇغ ( 4 قېتىم )

ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ – ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ( 2 قېتىم )

ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ – مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ( 2 قېتىم )

ھەييا لەل سالاھ – نامازغا كېلىڭلار ( 2 قېتىم )

ھەييا لەل فەلاھ – نىجادلىققا كېلىڭلار ( 2 قېتىم )

ئاللاھۇئەكبەر - اللَّه ئەڭ ئۇلۇغ ( 2 قېتىم )

لا ئىلاھە ئىللەللاھ – ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ( 2 قېتىم )

## قامەت دېگەن نېمە؟

نامازنىڭ پەرز قىلىنغان قىسمىنى باشلاشتىن بۇرۇن، جامائەت بىلەن ياكى ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان مۇئمىن ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ئىچ ئەزان بولۇپ، سۆزلىرى ئەزان بىلەن ئوخشاش. بىر پەرقى « ھەييا لەل فەلاھ – نىجادلىققا كېلىڭلار » جۈملىسىدىن كېيىن « قەدى قامەتى سالاھ – مانا نامازغا تۇرۇش ۋاقتى » جۈملىسى ئېيتىلىدۇ. قامەت جۈملىلىرىنىڭ تەكرارلىنىشى قېتىم سانى ئەزان بىلەن ئوخشاش.

# ناماز ۋاقىتلىرى

ناماز بىر كۈننىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرىدا ئادا قىلىنىدۇ. بۇلار 24 سائەتلىك بىر كۈننىڭ مۇھىم پارچىلىرىنى بىر بىرىگە باغلىغان ھالقىلىق نوقتىلار بولۇپ، ناماز ئوقۇغان مۇئمىن ۋاقىت دەرياسىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر جىسىمغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشى ۋاقىتنىڭ پاسسىپ بىر نەرسىسى ئەمەس، ئەكسىچە ئاكتىپ ساھىبىغا ئايلىنىدۇ.

بامدات نامىزى - كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن سەھەرنى ئۆزىگە شاھىت قىلىپ، مەن تۇغۇلدۇم رەببىم دېگەنلىكتۇر.

پېشىن نامىزى- كۈن تىكلىشىپ قايرىلغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. بۇ كۈندۈز ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئايىتى بولغان قوياشنى ئىمانىغا شاھىت قىلغانلىق بولۇپ، مەن ئۈچۈن سەن بىلەن ئالاقىلىشىش ھەممىدىن مۇھىم رەببىم دېگەنلىكتۇر.

ئەسىر، يەنى ناماز دېگەر - پېشىن بىلەن شام نامىزى ئارىسىدا ئوقۇلىدۇ. بۇ بىر كۈننىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتىدا، ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش بولىشىغا قارىماستىن، ئىلاھىي ئۇچرىشىشنى تاشلاپ قويمىدىم، ھوزۇرۇڭغا كەلدىم رەببىم دېگەنلىكتۇر.

ناماز شام - كۈن پېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇلىدۇ. بۇ يۇلتۇز ۋە گۈگۈم ۋاقتىنى ئىمانىمغا شاھىت قىلدىم رەببىم دېگەنلىكتۇر.

خۇپتەن - كۈن پېتىپ، شەپەق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. بۇ كېچىنى ئىمانغا شاھىت قىلغانلىق بولۇپ، كېچە ھەر قانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، مېنى سەندىن يوشۇرالمايدۇ رەببىم دېگەنلىكتۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەي بەندە! بۇ شەكىلدە بىر كۈننىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرىنى ئۆزەڭگە شاھىت قىلغىن! ۋاقىت ۋە ماكاندىن ئايرىلما! ۋاقىتنى ساڭا ئاتا قىلغان رەببىڭگە ياتلاشما! كۈندىلىك ھايات قاينىمىدا ئاللاھنى يادىڭدىن چىقارمىغىنكى، ئاللاھمۇ سېنى ئۇنۇتمىسۇن!

## نامازنى كىملەر ئادا قىلىدۇ؟

ئاقىل ۋە بالىغ بولغان ھەر مۇئمىن ئادا قىلىدۇ. بۇ ساپ ئىمان، ئىختىيارغا تايىنىدۇ. ئىختىيارلىقى بىلەن بولۇش پاراسەتلىك بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بالىغ بولۇش « مەسئۇلىيەت قوبۇل قىلىش يېشىنى » كۆرسىتىدۇ. ئاقىل ۋە بالىغ بولۇش، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەسئۇلىيەت قوبۇل قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىماننى تاللىغۇچى، نامازدىن جاۋاپكارلىقا تارتىلىدۇ. نامازدىن جاۋاپكارلىقا ئىشتىراك قىلىش نامازنى ئادا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

## ناماز كىم ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟

ناماز پەقەت اللّٰہ رىزاسىنى كۆزلەپ ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىنىڭ رىزالىقى مەقسەت قىلىنمايدۇ. ئىسلامدا بارلىق ئىبادەتلەر پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

## ناماز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟

ناماز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغان. قۇرئان ئىلگىرىكى ئەلچىلەرنىڭ نامىزىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. سالات كەلىمىسىنىڭ ئۆزى « دۇئا » ۋە « بەندە » دېگەنلىكتۇر. دۇئا تۇنجى ئىنساندىن تارتىپ بار بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن مەنىدىكى سالاتنىڭ ئىلگىرىكى نەبىلەرنىڭمۇ بىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار قۇرئاندا يەر ئالماقتا.

سالات « ئىبادەت » مەنىسىدە، ئىلگىرىكى ۋەھيي مەنسۇپلىرىغىمۇ بۇيرۇلغان ( بەييىنە، 5 – ئايەت ).

سالات بارلىق رەسۇللارغا بۇيرۇلغان ( ئەنبىيا، 73 – ئايەت ).

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەھلىنى نامازغا بۇيرىغان ( مەريەم، 55 – ئايەت ).

سالات بەنى ئىسرائىلدىن ئېلىنغان بەش تۈرلۈك ۋەدىدىن بىرىسىدۇر ( بەقەرە، 83 – ئايەت ).

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، تەۋھىدتىن كېيىن سالات بۇيرۇلغان ( تاھا، 14 – ئايەت ).

لوقمان ئوغلىغا سالاتنى ۋەسىيەت قىلغان ( لوقمان، 17 – ئايەت ).

مەريەم ئوغلى ئىسىغا بۇيرۇلغان ئىككى پرىنسىپتىن بىرىسى سالات ئىدى ( مەريەم، 31 – ئايەت ).

قۇرئاننىڭ بۇ مەلۇماتىنى دەلىللەيدىغان بەزى مەلۇماتلار، كانونىك ئىنجىللاردىن بەزىلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىنجىل يازغۇچىلىرىدىن ماركوس، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى كېچىسىنى بايان قىلغاندا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پېترۇس، ياقۇب ۋە يۇھاننا بىلەن بىرگە يۈرتىنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتكەنلىكىنى ۋە « سەجدىدە دۇئا قىلىشقا باشلىغانلىقى »نى بايان قىلىدۇ ( 14:32،35 ). ماركوس بايان قىلغان « سەجدىدە دۇئا قىلىش » دېگىنى ئەسلىدە قۇرئان « سالات » دەپ ئاتىغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزى. ماركوسنىڭ بۇ جۈملىسى، مۇسۇلمانىنىڭ نامىزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان « سەجدە » نىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشى.

## زاكات دېگەن نېمە؟

زاكات كەلىمىسى « پاكلىنىش » ۋە « كۆپىيىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، بەرگۈچىنى مەنىۋي جەھەتتىن پاكلاپ، مالنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن زاكات دەپ ئاتالغان. زاكات ۋە بەرىكەت كەلىمىسى قۇرئاندا ئوخشاش ساندا ( 32 قېتىم ) تىلغا ئېلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. راتسىئونال ماتېماتىكىدا 40 تىن 1 نى ئېلىۋەتسەك 39 قالىدۇ. لېكىن، ئىمان ماتېماتىكىسىدا 40 تىن 1 نى ئېلىۋەتسەك 400 قالىدۇ. زاكات بەرگۈچىنىڭ مېلىنىڭ كۆپىيىشى، پۇتانغان تالدىكى ئۈزۈمنىڭ كۆپىيىشىگە ئوخشايدۇ.

زاكات، بىر يىللىق خىراجىتىگە يەتكۈدەك مال – مۈلۈككە ئىگە بولغان ھەر مۇئمىنىنىڭ، ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا كەمبەغەللەرگە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت. زاكاتنىڭ مەقسىتى، مال – مۈلۈكنى كەمبەغەللەر بىلەن تەڭ بەھرىمان بولۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. زاكات، مال – مۈلۈك ساھىبىنى مال – دۇنياغا قارىشى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ. زاكاتنىڭ شەرتى بىر نەرسە تاما قىلماستىن بېرىش بولۇپ، ئالغۇچىدىن ھېچقانداق ماددىي ۋە مەنىۋي بىر نەرسە تاما قىلماسلىقى كېرەك.

قۇرئانغا كۆرە پاكلىغۇچى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت پەقەت مۇھەممەد ئۈممىتىگىلا پەرز قىلىنمىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگىمۇ، مەسىلەن: مۇسا ئۈممىتىگىمۇ پەرز قىلىنغان ( بەقەرە، 83 ).

## ئىنفاق دېگەن نېمە؟

قۇرئان زاكاتتىن باشقا يەنە، ئىنفاق ۋە سەدىقە ھەققىدە توختىلىدۇ. ئىنفاق، مۇئمىن كىشىنىڭ اللّٰه رىزاسى ئۈچۈن ئادا قىلغان، مەجبۇرىي بولمىغان ھەر خىل بەھرىمان بولۇش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنفاق تۈرلىنىپ چىققان نەفەقا سۆز تومۇرى « قولدىن چىقىپ كەتتى، تۈگىدى، ئاخىرلاشتى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىنفاق ئاتالغۇ سۈپىتىدە « پايدا يەتكۈزىدىغان بىر نەرسىنى شۇنىڭغا مۇھتاج كىشى بىلەن بەھرىمان بولۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزنىڭ ئۆتۈملۈك بولىشى، بىر « باشقا »سى بولماي تۇرۇپ، بۇ ئىبادەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرئان ئىنفاق ئۈستىدە كۆپ توختىلىدۇ. مۆئمىنلەرنى ئىنفاققا قىزىقتۇرىدۇ. قۇرئان ئىنفاقنىڭ جەننەتكە، پىخسىقلىقنىڭ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان بىر يول ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

« ( پۇل - مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق ( ئاللاھقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا ھەرىكەت ) قىلغان، ( كەلىمە تەۋھىدنى ) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ ( ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن ) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز » ( لەيل، 5 ـ 10 ).

قۇرئان ئىنفاقنى نىفاققا قالقان سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. مەيلى موللۇقتا ياكى يوقسۇللۇقتا بولسۇن ئىنفاق قىلىشقا بۇيرىيدۇ. قۇرئاننىڭ ئىنفاق – نىفاق قارمۇقارشىلىقى ناھايىتى ئېنىق. قەلبىدە نىفاق بولغانلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئېيتقىنكى، « ( ئى مۇناپىقلار جامائەسى! ) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا ئىنفاق ( قانچىلىك پۇل – مال سەرپ قىلساڭلارمۇ ) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم بولدۇڭلار » ( تەۋبە، 53 ).

ئۇنىڭ داۋامىدىكى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئىنفاقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىدىكى سەۋەپلەر مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى ( ئىنفاقلىرى ) شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خوش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، ( پۇل – مېلىنى ) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ ( تەۋبە، 54 ).

ئەمەلىيەتتە الله ئۈچۈن بېرىش، بېرىش ئەمەس ئەكسىچە ئېلىشتۇر. چۈنكى الله ئۈچۈن بەرگۈچىلەر، الله تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىش تۇيغۇسى بېرىلگەنلەردۇر.

اللّٰہ ئۇلارغا بېرىشنى ئاتا قىلغان. تەك بەھرىمان بولۇش ياخشىلىق قىلىشتۇر. ياخشىلىق قىلىش كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان بولۇپ، بۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ تۈنجى مۇكاپاتى. اللّٰہ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى قايتا – قايتا تەكرارلىماقتا. اللّٰہ بىر نەرسە تەلەپ قىلغان بولسا قىلچە ئىككىلەنمەي بەر، چۈنكى اللّٰہ سەندىن ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ساڭا بېرىش ئۈچۈن سەندىن ئالىدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىمدىن ئىسمائىلنى تەلەپ قىلدى، ئىسمائىلغا قوشۇپ ئىسھاقنى بەردى.

سەدىقە بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىگە بولغان مال – دۇنيا ۋە ياخشىلىقلارنى باشقىلار بىلەن چىن دىلىدىن تاماسىز ھالدا بەھرىمان بولىشىدۇر.

ئىنفاقنىڭ رامىزان ئېيىغا خاس بولغان قىسمى فىتىر دەپ ئاتىلىدۇ. فىترەت سەدىقىسى، باي بولسۇن – بولمىسۇن ھەر ئىنسانىنىڭ « مەۋجۇت بولۇش » ئىنفاق مەسئۇلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان.

## تەك بەھرىمان بولۇش ئەخلاقى قانداق بولىدۇ؟

قۇرئان بىر ئىنفاق ئەخلاقى بەرپا قىلىدۇ. بۇ مەسىلە قۇرئانغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك جەريانىدا، ئەڭ باشتا نازىل بولغان ئايەتلەر ئىچىدە اللّٰہ مۇنداق دەيدۇ:

كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە ( يەنى بىر كىشىگە بىرەر نەرسە سوغا قىلساڭ ياكى ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك ئېلىشنى تەمە قىلما ) ( مۇددەسسىر، 6 ).

« پۇل - مېلىنى اللّٰہ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان، ۋە ( خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى ) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا ( قىيامەت كۈنى ) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. اللّٰہ ( بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن )

بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر ( يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ ) » ( بەقەرە، 262 ـ 263 ).

ئىنفاق ئەخلاقى بىلەن ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنغان باشقا بىر ئەخلاقىي مەسىلە « ئاچ قېلىش ئەندىشىسى » ئىدى. ئاچلىق تەبىئىي بىر ئەھۋال، لېكىن ئاچ قېلىش ئەندىشىسى بىر ئەخلاقىي مەسىلە. ئاچ كىشىنى بىر نان تويدۇرىدۇ، لېكىن ئاچلىق ئەندىشىسىگە گىرىپتار بولغۇچىنى دۇنيادىكى تونۇرلارنىڭ ھەممىسى جەمى بولسىمۇ تويغۇزالمايدۇ. ئىنفاق ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت بىلەن بىرگە نازىل بولغان تۆۋەندىكى ئايەت، بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ:

« شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ اللّٰه سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( بەقەرە، 268 ).

قىلغان ياخشىلىقنى داۋراڭ قىلماسلىقمۇ ئىنفاق ئەخلاقى قاتارىدىن:

« سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلاردىن خەۋەرداردۇر » ( بەقەرە، 271 ).

# ئىنفاق بىلەن ئۆسۈم ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارمۇ؟

ئۆسۈم بەدەلسىز ئېلىش، ئىنفاق تاماسىز بېرىش بولۇپ، ئۆسۈم پۇلدارنىڭ باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى شوراشىدۇر. ئىنفاق، پۇلدارنىڭ مال – مۈلكىنى يوقسۇللار بىلەن تەڭ بەھرىمان بولىشىدۇر.

ئىنفاقنىڭ، قول – ئىلكىدە بولغان ھەر مۇئمىنگە پەرز قىلىنغان قىسمىغا زاكات دېيىلىدۇ. قۇرئان ۋەھيي، زاكات ئەمرى بىلەن ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنىشى ئارىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق بىر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆسۈم ھارام قىلغان بىر ئىقتىسادىي تۈزۈم، زاكاتنى پەرز قىلماستىن، ئىقتىسادىي ئادالەت بەرپا قىلىشتەك نىشانىغا يېتەلمەيتتى. چۈنكى ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنىشى، تەۋھىد كەلىمىسىدىكى لا ئىلاھە ئىنكارىنى تەمسىل قىلسا، زاكات ئەمرى بۇ تەۋھىد كەلىمىسىدىكى ئىللەللاھ ئىسپاتىنى تەمسىل قىلماقتا. بۇ ئىككىسى بىر بىرىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

يوقلۇقتا بېرەلمىگەنلەر، مولچىلىقتا ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. قۇرئان ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنىشى بىلەن زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشىنى يان – يانغا قويۇپ بايان قىلىدۇ ( رۇم، 38 - 39 ). بۇ ئارقىلىق دېيىلمەكچى بولغان نەرسە شۇ: پۇلغا ياكى مال – مۈلۈككە ئىگە بولساڭلار، ئۇنى ئۆسۈم بىلەن ھەقسىز شەكىلدە ئەمەس، ئىنفاق ۋە زاكات ئارقىلىق ھالال يول بىلەن كۆپەيتىشنى ئارزۇ قىلىڭلار. چۈنكى « كۆپىيىش » مەنىسىدىكى رىبا ( ئۆسۈم ) پۇل، مالنىڭ سانىنى ئاشۇرىدۇ، ئەمما رۇھىنى، يەنى بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. تىرىك مال – مۈلۈك ساھىبىنى توشۇيدۇ، ئۆلۈك مال – مۈلۈكنى ساھىبى يۈدۈپ يۈرىيدۇ. ئۆسۈمنىڭ ئەكسىچە، يىلتىز مەنىسى « كۆپىيىش » بولغان زاكات، كۆرۈنۈشتە مالنىڭ مىقدارىنى ئازايتقان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەرىكىتىنى ئاشۇرىدۇ.

## مال – مۈلۈكنى يوقسۇللار بىلەن بىرگە بەھرىمان بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئىنفاقنى چۈشۈنۈش ۋە ھەزىم قىلىش، ۋەھىي بەرپا قىلغان بىر مال – مۈلۈك تەسەۋۋۇرىغا ئىگە بولۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەۋھىد ئېتىقادى، بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئارقا تېرىكى. « مۈلۈك كىمنىڭ؟ » سوئالىغا قۇرئاننىڭ بېرىدىغان جاۋابى ناھايىتى ئېنىق: ئاللاھنىڭ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ مۈلۈكتىكى ھەسسىسىگە نېمە دەيمىز؟ بۇ ھەسسىنىڭ ئىنسانغا ئامانەت قىلىپ بېرىلگەنلىكى بىر ھەقىقەت. چۈنكى، ئىنسان بۇ دۇنياغا ساھىپ بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، شاھىت بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. مال – دۇنيانى ئىمانغا شاھىت قىلىش كېرەك. بۇ، مال – دۇنياغا مۈلكىيەت نەزىرى بىلەن ئەمەس، ئامانەت كۆزى بىلەن قاراش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قۇرئان مال – دۇنيا مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئاشقان ئىككى خىل مۇئامىلىنى رەت قىلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى « مۇتلەق مۈلكىيەت » چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغان كاپىتالىزم؛ يەنە بىرسى ھەر خىل دۇنيالىق ۋە مال – مۈلۈكنى گۇناھنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان پېقىرزىم. مال – مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ دەپ قارايدىغان كوممۇنىزم مال – دۇنيا چۈشەنچىسىدە ماھىيەت جەھەتتىن كاپىتالىزم بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. ئۇ ئوخشاشلىق ھەر ئىككىسىنىڭ مال – مۈلۈكنىڭ ئامانەت ئەمەس، ئەكسىچە مۈلكىيەت ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىگە ئىگە بولىشى بولۇپ، مال – مۈلۈك شەخسكە تەۋەمۇ ياكى ئومۇمغىمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ باشقا بىر تەرىپى.

قۇرئان بەزى مىستىك نەسىھەتلەر ۋە ھىند پېقىرزمىنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيالىق نەرسىلەرنى « گۇناھ، پاسكىنا نەرسىلەر » دەپ قارايدىغان چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. خىتاپ قىلىنغۇچىسىغا مال – دۇنيا ھەققىدە ئوتتۇرا ھال يولنى كۆرسەتكەن شۇ دۇئانى ئۆگىتىدۇ:

رەببىمىز! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن! ( بەقەرە، 201 ).

زاكاتتىن تارتىپ تەشەببۇس قىلىنغان باشقا خەير سەدىقىلەرگە قارىتا قۇرئان كۆرسەتكەن سەۋەپ: مال – مۈلۈك ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمىسۇن ( ھەشر، 7 ).

بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ، مال - مۈلۈكنىڭ مەلۇم كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالماسلىقىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ناماز بىلەن زاكاتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

قۇرئاندا ناماز ۋە زاكات ئوندىن ئارتۇق يەردە بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. ناماز ۋە زاكات، ئىبادەتنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشايدۇ. بۇ قاناتنىڭ بىرسى ئىنسان بىلەن اللّٰہ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، يەنە بىرسى ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ناماز، ئىنساننىڭ اللّٰہ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىبادەت. زاكات، ئىنساننىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ئىبادەت. ناماز ئىنساننىڭ اللّٰہ ئالدىدىكى؛ زاكات ئىنساننىڭ ئىنسان ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر ئىپادىسى.

## كىملەرگە زاكات بېرىلىدۇ؟

قۇرئان زاكات بېرىلىدىغانلارنى سەككىزگە ئايرىپ بايان قىلىدۇ ( بەقەرە، 177؛ تەۋبە، 60 ):

1. يوقسۇللار ( فۇقارا )

2. مىسكىنلەر – كۆرۈنۈشتە ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدىغان يوقسۇللار ( مەساكىن )

3. قەرز ياكى كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ھۆرلۈكىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ( رىقاب )

4. زاكات يىغىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان خادىملار ( ئامىلىنە ئەلەيھا )

5. ئىسلامغا قىزىقتۇرۇش مەقستى بىلەن غەيرى مۇسلىملارغا ( ئەل مۇئەللەفەتۇ قۇلۇبۇھۇم )

6. قەرزگە كىرىپ قالغانلار ( غارىمىن )

7. اللّٰه يولىدا سەرپ قىلىش ( فى سەبىلىللاھ )

8. ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلار، ئۆي – ماكانسىزلار ( ئىبنۇسسەبىل )

## نېمىلەردىن زاكات بېرىلىدۇ؟

زاكات قولىدىكى ئىقتىسات ۋە پايدىلىنىۋاتقان مالدىن بېرىلىدۇ.

ئەقلىنىڭ، ئىلمىنىڭ، شۆرەتىنىڭ، سالامەتلىكىنىڭمۇ خۇددى مال – مۈلۈككە ئوخشاش زاكىتى بولىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ زاكىتى، شۇ نەرسىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش قورالىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. زاكات مال – مۈلۈك ئىگىسىنى، يىغقان مال – دۇنيانى باسۇرۇپ يېتىۋالماسلىقنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى بۇ، ئىنسانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھالال يولدا بولمىساڭ، داداڭدىن قالغان مىراسنى قىرىق يىلدا تۈگىتىمەن ۋە ئۇنى قىممەت ياراتقۇچىلارغا ياكى مۇھتاجلارغا تەگسۇن دەپ ئايلاندۇرىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

# روزا نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ساۋم سۆزىنىڭ مەنىسى « تۇتۇش » دېگەنلىك بولىدۇ. پەرز قىلىنغان ساۋم، قۇرئان تۇغۇلغان ئاي بولغان رامىزاندا، فەجىر ( كۈن چىقىش )دىن كۈن پاتقىچە يەپ – ئىچىش ۋە جىنسى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش بەشەرى پائالىيەتلەردىن يىراق تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئىچكى تۇيغۇسى ۋە ئازدۇرغۇچى نەپسىنى تىزگىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ئېڭى ( تەقۋا )نىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرلىگەن يولدا، بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەش مەقسەت قىلىنغان ( بەقەرە، 183 ).

روزا ئۆزىنى تۇتۇش بولۇپ، ئىنساننىڭ بېشىغا قانداق بىر مۇسىبەت كەلسە، ئۆزىنى تۇتالمىغانلىقتىن كېلىدۇ. گۇناھلارنىڭ مەنبەسى، ئاچچىقنى باسالماسلىق، نەپسىنى باشقۇرالماسلىق، شەھۋىتىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، تىلىنى يىغالماسلىق... قا ئوخشاش سەۋەبلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

روزا روھ، يەنى مەنىۋىيەتنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن بەدەننى ئاچ قالدۇرۇش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ماددىي تەرىپىنىڭ « ئىككىنچى » ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئىنساننىڭ بىرىنچى تەرىپى – ئەقىل ئىشلىتىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان، ئەسلەيدىغان، نەسىھەت ئالىدىغان، ئىشىنىدىغان، قىممەت يارىتىدىغان، ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ئايرىيدىغان تەرىپىدۇر.

## قۇرئان تۇغۇلغان رامىزان ئېيى، نېمە ئۈچۈن بەدەن ئاچ قويۇلغان ھالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

ۋەھيىنىڭ مەنىسگە جىسمىمىز بىلەن يېتەلمەيمىز. ۋەھيىنىڭ مەنىسگە ئەقىل ئىشلىتىدىغان قەلبىمىز بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. قۇرئاننىڭ مەنىسگە يېتىش ئۈچۈن ئاتلانغان سەپەردە، بىزنى مەنزىلگە بەدەننىڭ پۈتى ئەمەس، ئەقىلنىڭ پۇتى يەتكۈزىدۇ. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان تۇغۇلغان ئاي رامىزان، بەدەننىڭ ئەمەس، روھنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بىر ئىبادەت ئېيىدۇر.

## روزا نېمە ئۈچۈن رامىزان ئېيىدا تۇتۇلىدۇ؟

روزا ھەققىدىكى بۇ ئايەت بۇ سوئالغا بىر جاۋاپ:

« رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. اللّٰه سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئالللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ » ( بەقەرە، 185 ).

رامىزان ئېيىنىڭ ئالاھىدە بولىشىدىكى سەۋەپنى بۇ ئايەت ئېنىق ھالدا كۆرستىپ بېرىدۇ. قۇرئان رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ ھەقىقەتنى قەدىر سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى تەستىقلايدۇ. رامىزان قۇرئان تۇغۇلغان ئاي.

قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قەدىر كېچىسى بولۇپ، ئۇ رامىزان ئېيى ئىچىدىكى بىر كېچە. بۇ ھەقىقەت بەقەرە سۈرىسى 185 – ئايەت ۋە قەدىر سۈرىسى 1 – ئايەتنى يان – يانغا قويۇپ ئوقۇغاندا ئېنىق ھالدا مەلۇم بولىدۇ. بۇ بەرىكەت ۋە ھۆرمەتنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى قەدىر سۈرىسى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

« بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا اللّٰه تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر » ( قەدر سۈرىسى، 1 – 5 ).

## روزىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى قايسى؟

روزىنىڭ كۈنى ئىچىدىكى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى شۇ ئايەت بىزگە بايان قىلىپ بېرىدۇ:

« ... تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا ( يەنى تاڭ يورۇغانغا ) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار » ( بەقەرە، 187 ).

## روزا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇ ئايەتتىن مەلۇم:

« ئى مۇئمىنلەر! ( گۇناھلاردىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە ( يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ ( رامىزان روزىسى ) پەرز قىلىندى » ( بەقەرە، 183 ).

## روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغانلار قانداق قىلىدۇ؟

« ( بۇ پەرز قىلىنغان روزا ) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ ( روزا تۇتمىغان بولسا )، تۇتمىغان كۈنلەرنى ( يەنى قازاسىنى ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى ( قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن ) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، ( كۈنلۈكى ئۈچۈن ) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى ( بەلگىلەنگەن مىقداردىن ) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر » ( بەقەرە، 184 ).

# مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتلىرى قايسى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلان قىلغان ئىككى ھېيتى بار. يەنى رامىزان روزىسىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تەبرىكلىنىدىغان روزا ھېيت؛ ھەج كۈنلىرىنىڭ ئاخىرىدا تەبرىكلىنىدىغان قۇربان ھېيت. ئىككى ھېيت شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئەمەس، قەمەرىيە كالېندارى بويىچە تەبرىكلىنىدۇ. بۇ كالېندار 33 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدۇ.

ھېيت كەلىمىسى، « ئاخىرەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مەئ ئاد كەلىمىسى بىلەن تۇققان. مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى، ئۇلارغا ئەبەدىي ھېيت بولغان جەننەتنى ئەسلىتىدىغان بىر ئىمادۇر. ھەقىقىي ھېيت، ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنغان ھالدا بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىنىڭ ئاخىرىدا جەننەتكە ئېرىششتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ھېيتى، اللّٰہ رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇلغان ھېيت نامىزى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ نامازنى باشقا نامازلاردىن ئايرىپ تۇرغان ئاللاھدىلىك « ئاللاھۇ ئەكبەر ( پەقەت ئاللاھلا ئۇلۇغدۇر، چوڭدۇر ) » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان تەكبىرلەر بولۇپ، بۇ تەكبىرلەر خوشاللىق مەنبەسىنىڭ اللّٰہ ئىكەنلىكىگە قىلىنغان بىر ئىما. مۆئمىن خوشال بولغاندىمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىشى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى، شادلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان سەلام ( تىنچلىق، خاتىرجەملىك، شادلىق ) اللّٰہ تۇر.

# تەكبىر نېمە ئۈچۈن ھېيت نامىزى بىلەن جىنازە نامىزىنىڭ ئوخشاش تەرىپى؟

ئادەتتىكىدىن ئارتۇق ئېيتىلغان تەكبىرلەر، ھېيت نامىزى بىلەن جىنازە نامىزىنىڭ ئوخشاش تەرىپى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان ئەڭ خۇشال ۋە ئەڭ قايغۇلۇق ۋاقىتلىرىدا اللّٰه بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەيدۇ، خوشاللىق ۋە مۇسىبەتنى ئاللاھتىن كەلگەن بىر ئىمتىھان دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ ( نەجم، 43). « پەقەت اللّٰه لا ئۇلۇغدۇر، چوڭدۇر ( ئاللاھۇ ئەكبەر ) » دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭلا ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى يادىدىن چىقارمايدۇ.

بۇ ئارقىلىق مۇئمىنگە شادلىق ۋە مۇسىبەت، خوشاللىق ۋە قايغۇغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانغا سالماق بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ ھېس – تۇيغۇسىنى ياخشى باشقۇرالماي، شادلىق ۋە قايغۇ ئىنساننى چاڭگىلىغا ئېلىۋالسا، ئىنسان ھېس – تۇيغۇ دېڭىزىدا غەرق بولىدۇ. ھېس – تۇيغۇ دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەن ئىنسان، روھى ئەركىنلىكىنى يوقۇتۇپ، ھېس – تۇيغۇلىرىنىڭ قۇلى بولۇشقا نامزات بولۇپ قالىدۇ.

## ھەج ۋە ئۇمرە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ھەج، كەبىنى زىيارەت قىلىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان، يىلنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىلاھى سىمۋوللار ( شەئائىرىللاھ )دىن تەركىپ تاپقان بىر ئىبادەت بولۇپ، قۇربى يەتكەن ھەر مۇئمىنگە پەرز.

ھەجنىڭ كىچىككىگە، ھاياتنى « بەرپا ۋە تىك » لىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمرە دېيىلىدۇ. ئۇمرە خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ھەجگە قارىغاندا تار دائىرىدە بولۇپ، يىلنىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقتىدا ئادا قىلىش شەرتى بولمىغان بىر ئىبادەت.

ھەج ۋە ئۇمرە ئىبادىتى سىمۋوللاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ھەر سىمۋول بىر كۆرسەتكۈچ بولۇپ، ھەر كۆرسەتكۈچتە بىر ھەقىقەت بار. سىمۋوللار قىممىتىنى ئۆزى سىمۋول قىلغان ھەقىقەتتىن ئالىدۇ. ھەجنى تەشكىل قىلغان سىمۋول ۋە بۇ سىمۋوللار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى تۆۋەندىكى شەكىلدە بايان قىلىش مۇمكىن:

**ئىھرام** – ھاجىنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان بارلىق كىيىمنى سېلىۋېتىپ، ۋۇجۇدىنى يۆگىگەن ئىككى پارچە تىكىلمىگەن، كەشتە ئىشلەنمىگەن ئاددى رەختنى كۆرسىتىدۇ. ھاجى ئىھرام ئىچىدىكى ۋاقتىدا، نورمال تۇرمۇشتا قىلسا بولىدىغان نۇرغۇن ئىشنى قىلسا بولمايدۇ. مەسىلەن: ھالال جۇپتى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. ئۆزى ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن قېرىندىشى بىلەن دەتالاش قىلالمايدۇ، روھى بار ( ساق ) تۇرۇپ، ئۆلۈملىك بەدىنىنى خۇش قىلىدىغان ئەتىرگە ئوخشاش خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەلمەيدۇ. چۈنكى ھەج مەھشەر كۈنىنىڭ مەشقىنى قىلىش بولۇپ، ئىنسان كېپەنىنى كەيگەن ھالدا، ھېساپ بېرىش ئۈچۈن اللّٰه ھوزۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىش مەقسىتىدە، ئىنسانىيەتنىڭ تۈنجى مەبەدىگە بارىدۇ.

ئىھرام تۆۋەندىكىدەك تۆت نەرسىنى سىمۋول قىلىدۇ:

1. دۇنيانى ۋە دۇنيالىق مەرتىۋىسىنى ئارقىغا چۆرۈپ تاشلىغانلىقنى.
2. ئۆلگەن ھەر مۇئمىن يۆگەلگەن كېپەننى.
3. ئىنساننىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى.
4. ئىلاھي كۆرسەتمىلەرگە ئىنساننىڭ رىئايە قىلىشنى.

**تەلبىيە** – ھاجى نامزاتى ئىھرامغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر پۇرسەتتە تەكرارلاپ تۇرغان تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ:

لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك. ئىننەل – ھەمدە ۋە نىمەتە لەكە ۋەل – مۈلك، لا شەرىكە لەك

ئەمرىڭگە مەن تەييار يا رەببىم، ئەمىر قىل! سېنىڭ شېرىكىڭ يوق، رەببىم. ھەمدۇ سانالار ساڭا خاستۇر، نېمەتلەر سەندىن، مۈلۈك سېنىڭ. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر!

تەلبىيە ئىلاھىي چاقىرىققا ئاۋاز قوشقانلىقنىڭ سىمۋولى.

**ئارافات ۋەققەسى** – ھەجنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسى ( بەقەرە، 198 ). ئارافات ۋەققەسى، ھەج ماكانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىدىغان مەككە ئەتراپىدىكى ئارافات رايۇنىدا، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 – كۈنى ئاللاھ ئۈچۈن ھۆرمەتتە تۇرۇپ، كۈندۈزنى ئاللاھقا شاھىت قىلىشتۇر. ئارافات كەلىمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، « قەلبىتىن ھېس قىلغان ھالدا بىلىش ( مارىفە ) » نى بىلدۈرىدۇ. ئارافات، ھەر چىققان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان كىرئالغۇ ئەمەس. ئارافات، خاتالىقىدا چىڭ تۇرغان ئىبلىسنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، خاتالىقنى ئەپۇ قىلىشنى تىلەپ، خاتالىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتۇر.

**مەشئار ۋەققەسى** – مۇزدەلىفە دەپ ئاتىلىدىغان ۋە ھاجىلار ئارافاتتىن قايتقاندا چۈشۈپ، كېچىنى ئاللاھقا شاھىت قىلىش ئۈچۈن قونۇش بولۇپ (بەقەرە، 198)، ئارافاتنىڭ مەنىۋىي ئىپادىسى « ھېس قىلىپ بىلىش » ( مارىفە )، مەشئارنىڭ مەنىۋىي ئىپادىسى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىش ۋە بايقاپ تۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان « ئىدراك » ( شۇئۇر ).

**جەمەرات** ـ شەيتان سىمۋول خاراكتېرلىك شەكىلدە تاشلانغان باسقۇچنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ كەينىگە كىرگەن نەپس بىلەن كۆرەش قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. مۆئمىن شەيتان تاشلىغاندا، ھەر تاشنى بىر يامان خۇيغا ئاتىدۇ ياكى يامان ئادىتىنى، سەلبىي تەرىپىنى « ئال! بۇ ماڭا ئەمەس، ساڭا يارىشىدۇ » دەپ شەيتانغا ئاتىدۇ.

**قۇربانلىق قىلىش** – بەلگىلىك شەرتلەرگە مۇۋاپىق بولغان بەلگىلىك ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يوقسۇللار بىلەن بىرگە بەھرىمان بولۇش ئۈچۈن، ﷲ

رىزالىقنى كۆزلەپ بەلگىلىك ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. قۇربان، قۇربىييەتنى ۋە شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ. « ھەج قۇربانلىقى» ھەدي دەپ ئاتىلىدۇ (بەقەرە، 196). ھەج قۇربانلىقى، قۇربان ئىبادىتىنىڭ مەركىزىدە ئورۇن ئالغان. ھەجگە بارالمىغان مۇئمىنلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىشى، ھاجىلارنىڭ ئىبادىتىگە، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىن ئاۋاز قوشۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى:

« ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ. ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەر ( مۇئمىنلەر )نىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ( تەقۋادارلىقى )دۇر » ( ھەج، 37 ).

**تاۋاپ** – كەبىنىڭ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. تاۋاپ، ئىنساننىڭ اللّٰه بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋۇجۇت تىلى بىلەن قويغان ئىمزاسى. يەرشارىۋى ئوركىستىرا ئىجراسىدىكى ئىلاھى مەدھىيەگە چىن قەلبىدىن ئىختىيارى ھالدا قاتناشقانلىقىنىڭ سىمۋولى. زەررىدىن تارتىپ پۈتۈن مەخلۇق تاۋاپ ھالىتىدە بولىدۇ.

ئېلېكترون ئاتوم يادروسى ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىشنى توختاتسا، ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرلىشىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ماددا ئەسلىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ .

قان تاۋاپ قىلىۋاتقان ھاجىغا، يۈرەك تاۋاپ قىلىنىۋاتقان كەبىگە ئوخشايدۇ. قان يۈرەكنى تاۋاپ قىلىشنى توختاتسا، ھايات ئاخىرلىشىدۇ.

ھاجى مىسالى ئاي، دۇنيا كەبىسىنى تاۋاپ قىلىشنى توختاتسا، كېچىنىڭ قەندىل ( شام )ى ئۆچىدۇ.

يەر شارى ھاجىسى، قوياش كەبىسىنى تاۋاپ قىلىشنى توختاتسا، قىيامەت بولىدۇ.

تاۋاپ، بىر يىلنىڭ ھەر كۈنى، ھەر پەسلى، يەتتە كۈن 24 سائەت شەكلىدە 1400 يىلدىن بۇيان توختىماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئىبادەت شەكلىدە ئادا قىلىنىۋاتىدۇ.

**ساي** - ھەزرىتى ھاجەرنىڭ ئوغلى ئىسمائىلغا سۇ تېپىش ئۈچۈن، سەفا ۋە مەرۋە تېغى ئارىسىدا يۈگۈرگەن يەتتە قېتىملىق بېرىپ كېلىشتىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

ساي، ھاياتنى ئەبەدىي بىر ھىجرەت ۋە ئۆزىنى مۇئەببەت ( مۇددەتسىز ) مۇھاجىر دەپ بىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ساي، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئېلىپ بارغان جەۋرىنىڭ سىمۋولى.

ھەج ئىبادىتىگە خاس بولغان بۇ يەتتە ئاساس، اللّٰه قوبۇل قىلغان ھاياتنىڭ شىفرىسى بولۇپ، ھەجگە بارغانلار ھاياتىغا تەدبىقلىشى كېرەك بولغان ياشاش شەكلىنىڭ شىفرىسىنى ئالغىلى بارىدۇ. ھەر بارغان كىشى، بارالمىغانلارغا ۋاكالەتەن بارىدۇ.

ھەج، كائىنات ئاللاھقا ئېيتقان تەسبىھگە قوشۇلغانلىق بولىدۇ.

ھەج، ئىنساننى يەر يۈزىدە كۈتىۋالغان تۇنجى ماكانغا بىلدۈرۈلگەن مىننەتدارلىقتۇر.

ھەج ماكانغا، روزا زامانغا ۋاپا قىلغانلىقتۇر.

ھەجنىڭ مەقسىتى، ھايات سەپىرىدىكى ئىنسانغا يولنىڭ ئاخىرىنى ئۇنۇتتۇرماسلىق بولۇپ، سەپەرنىڭ ئاخىرىدا سەپەرنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىمىزنى ئەسكەرتىدۇ. ھەجگە بارغان كىشى، بەئەينى ھاياتنى ئالقىنىغا ئېلىپ مەھشەردە ھازىر بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. خۇددى ھېساپ كۈنى مەھكىمىدە ھازىر بولغاندەك، ئۆمرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن، ھەج مەھشەرنىڭ پراكتىكىسىدۇر.

**ئۇمرە** « ئىنشا ( بەرپا ) قىلىش » سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، كەبىنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئۇنى زىيارەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. بىر مەبەدنىڭ مەبەد بولۇشى، ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. بىر قەلبنى تىرىك تۇتۇش، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بولىدۇ. بىر شەھەرنى شەھەر قىلغان، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ھاياتلىقتۇر.

ئۇمرە كىچىك ھەج بولۇپ، ھەجنىڭ پراكتىكىسى. رەسۇلۇللاھ ئايرىم ئۇمرە قىلغاندىن باشقا، ھەج ئىبادىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇمرە قىلغان. ئۇمرىدە ھەج ئىبادىتىدىكى ئارافات ۋە مەشئار ۋەقفەسى، قۇربان ۋە شەيتان تاشلاش ئىبادىتى يوق. ھەج بەلگىلىك كۈنلەردە ئادا قىلىنىدۇ، ئۇمرىنى ھەر ۋاقىت ئادا قىلسا بولىدۇ. ھەجنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جەم بولۇشى، ئۇمرەدە يوق. ئۆز ئالدىغا ۋە يالغۇز شەكىلدە ھەج قىلغىلى بولمايدۇ، ئۆمرە قىلغىلى بولىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج قىلدىمۇ؟ قانداق قىلغان؟

تارىختىن مەلۇم بولغىنىدەك، رەسۇلۇللاھ ھىجرەتنىڭ 9 – يىلىغىچە ھەج قىلمىغان، 10 – يىلى ھەجگە بارىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەج ئىبادىتى تارىختا « ۋىدا ھەج »ى دەپ ئاتالغان. بۇ ھەج جەريانىدا مۇئمىنلەرگە « ھەجنى مەندىن ئۆگىنىڭلار » دېگەن. چۈنكى، ھەج ئىبادىتى ھەزرىتى ئىبراھىمدىن قالغان بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە جاھىلىيەت مەزگىلىدىمۇ ئادا قىلىنىۋاتقانىدى. لېكىن مەقسىتى ۋە شەكلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ جاھىلىيەت ئىنسانلىرىدىكى ئەسلىدىن يىراق بولغان ھەج ئىبادىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلدى.

رەسۇلۇللاھ تۇنجى ۋە ھاياتىدىكى بىردىنبىر بولغان ھەج ئىبادىتىدە، ئارافاتتا بۈگۈنكى نەمىرە مەسچىتىنىڭ ئورنىدا ئىنسانىيەتكە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئەي خالايىق!

قېنىڭلار، مېلىڭلار ۋە ئىززەت ھۆرمىتىڭلار خۇددى بۇ ئارافات كۈنىدەك، بۇ ئايدەك، بۇ جايدەك مۇقەددەس ۋە دەخلى تەرۇزسىز.

شۇنى بىلىڭلاركى، جاھىلىيەتكە تەۋە ھەر قانداق نەرسە ئەمەلدىن قالدى.

جاھىلىيەتتىن قالغان قان داۋاسى بىكار قىلىندى. بۇنى ئۇرۇق – تۇققانلىرىمدىن ئىبنى رەبىيا بىن ھارىسنىڭ قان داۋاسىنى بىكار قىلىش بىلەن باشلايمەن.

جاھىلىيەتتىن قالغان بارلىق ئۆسۈملەر بىكار قىلىندى. بۇنى ئۇرۇق – تۇققانلىرىمدىن ئابباس بىن ئابدۇلمۇتەللىپكە تەۋە ئۆسۈمنى بىكار قىلىش بىلەن باشلايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆسۈمنىڭ ھەر خىلى بىكار قىلىندى.

ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئالدىڭلار. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۆزەڭلارغا ھالال جۈپ قىلدىڭلار. سىلەر خالىمايدىغان كىشىلەرنى ئۆيۈڭلارغا ئالماسلىق، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار. ئۇلارنىڭمۇ ئۈستۈڭلاردا ( ئۆز ئارا ھەق ۋە

مەسئۇلىيەت ) ھەققى بار. نەپقە، كىيىم – كىچەك بىلەن تەمىنلىشلار بۇلاردىن بىر قانچىسى.

سىلەرگە قالدۇرغان نەرسىگە چىڭ ئېسىلساڭلار خاتالاشمايسىلەر. بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان – مېنىڭ يولۇمدۇر. ئاخىرەتتە سىلەردىن مېنى سورىغاندا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسىلەر؟

ھەممە بىردەك « رىسالەتنى تەبلىغ قىلدىڭ، ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ ۋە بىزگە ياخشى نەسىھەت بەردىڭ، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز! » دېدى.

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئىشارەت بارمىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

ئى اللّٰه گۇۋاھچى بولغىن!

ئى اللّٰه گۇۋاھچى بولغىن!

ئى اللّٰه گۇۋاھچى بولغىن!

## كەبىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى قەيەردىن كېلىدۇ؟

كەبە دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمان ناماز قىلغاندا يۈزلىنىدىغان قىبلە ( بەقەرە، 144 ) بولۇپ، مۇسۇلمان تەسەۋۋۇرىدىكى يۆنىلىش ۋە ماكان ئېڭىنى ئىپادىلەيدۇ.

كەبە، قۇرئانغا كۆرە ئادەم بالىلىرى يەر يۈزىدە سالغان « تۇنجى ئۆي ( ئەۋۋەلە بەيتىن )» ( ئالئىمران، 96 ) بولۇپ، اللّٰه ئىنسان يەر يۈزىدە بەرپا قىلغان تۇنجى مېمارلىق سەنئىتىنى ياقتۇرغان ۋە ئىنسان بىنا قىلغان تۇنجى ئۆيگە « بەيتۇللاھ ( ئاللاھنىڭ ئۆيى )» ئىسمىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بالىلىرى بىنا قىلغان تۇنجى ئۆينى، مېنىڭ ئۆيۈم دەپ ئۇنى تەقدىرلىگەن. بۇ سەۋەپتىن، ھەجگە بېرىش مۇساپىر بولۇش ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا يۇرتىغا بېرىشتۇر.

كەبىنىڭ، مېمارلىق جەھەتتىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئاددىي – ساددا بىر يادىكار ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق. كەبە كۆركەملىكنى داۋا قىلمايدۇ. كەبىنىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكى، نەمرۇتلارنىڭ، پىرئەۋنلەرنىڭ ۋە تىرانلارنىڭ « ئەڭ

ھەشەمەت ۋە ئەڭ ئېگىز » بولۇش ھەۋىسى بىلەن بىنا قىلدۇرغان پىرامىتلار، زىگگۇراتلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ناھايىتى روشەن ھالدا مەلۇم بولىدۇ.

نەبىلەرنىڭ بوۋىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە، كونا ئۇلنى ئاساس قىلغان ھالدا يېڭىدىن بىنا قىلغان كەبە، ئىنسانىيەتكە مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىلىرى ھەر قانچە قىلسىمۇ، ئاللاھقا تولۇق ئىبادەت قىلالمايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنسان ئاللاھقا ئىبادەتتە ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

كەبە تارىختا بىر قانچە قېتىم ئوخشاش بولمىغان سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە قايتىدىن سېلىنغان. ھەزرىتى ئىبراھىم بىنا قىلغان كەبىدىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسلى پارچىلار ئىچىدە، تاۋاپنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ھېسابلىنىدىغان كەبە تېمىغا كۆمۈۋېتىلگەن « قارا تاش ( ئەل – ھاجەرۇل ئەسۋەد)» ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مىڭلىغان رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تاشقا سالام بېرىپ سۆيىشى، ئىمان پېشىۋاسى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قولىنى سۆيىشى ۋە ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىشى دەپ قارىلىشى كېرەك.

كەبە بۇ رايۇننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا ئەمەس، ئەكسىچە ئەڭ ئويمان يېرىگە تاش ۋە ياغاچ ماتېرىيالدىن ئاددى – ساددا قىلىپ سېلىنغان بىر ئىمارەت بولۇپ، دەسلەپتە ئىچى ﷲ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن سىرتىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان بولغان.

كەبە، قەلبىنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تاشنىڭ قەلبكە ئايلىنىشى بولۇپ، مىمارلىق نوقتىسىدىن يۈرەك شەكلىنى ئەسلىتىدۇ. كەبىنىڭ گېئومېترىك شەكلى تۇنجى قارىغان ۋاقىتىڭىزدىكىدەك كۇپ شەكلىدە ئەمەس. ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدە كەبىگە تەۋە بولغان، لېكىن رەسۇلۇللاھ نەبى بولۇشتىن بۇرۇن، كەبىنى يېڭىلاش جەريانىدا ماتېرىيال يەتمەي سىرتتا قالدۇرۇلغان ۋە بۈگۈن ھىلال شەكلىدىكى يېرىم تام ( خاتىم ) قىسىم بىلەن، كەبىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان قىسىم بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا دىققەت بىلەن كۆزىتىلسە، كەبىنىڭ گېئومېترىك شەكلى يۈرەككە ئوخشاپ قالىدۇ.

كەبە يەر يۈزىنىڭ قەلبى، قەلب ئىنساننىڭ كەبىسى. تاۋاپ ئارقىلىق، ھەر ئىنسان ئۆزىدىكى كەبە ھېسابلانغان قەلبىنى ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىنى سۆيگۈ، ئەجىر، غەيرەت، شەپقەت، مەرھەمەت، گۈزەل نەسىھەت ۋە دەۋەت بىلەن دائىم تاۋاپ قىلىشى كېرەك، دېيىلمەكتە.

كەبە، اللّٰه ئالدىدا بەندىنىڭ ھېچقانداق چوڭچىلىق قىلمايدىغانلىقىنىڭ شاھانە نامايەندىسىدۇر.

كەبە جايلاشقان ئورۇن، مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە « يەر يۈزىنىڭ كىندىكى» دەپ قارىلىدۇ ۋە يەر يۈزىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلۇقنى بۇ يەردىن ئالىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

## كەبىگە كىملەر دەۋەت قىلىنغان؟

كەبىگە بارلىق ئىنسانلار دەۋەت قىلىنغان:

ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ( ئەن – ناس ) اللّٰه ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى ( قەدر، 3 ).

ھەزرىتى ئىبراھىمغا بېرىلگەن ئەمىر مۇنداق:

« كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ ندا قىلغىن،... » ( ھەج، 27 ).

ھەجگە چاقىرىق، ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا چاقىرىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چاقىرىقنى چىن كۆڭۈلدىن قوبۇل قىلىپ ئاللاھۇممە لەببەيك ( ئەمىر قىل ئەي رەببىم! ) دەپ يېتىپ كەلگۈچى، « مۇسۇلمان » نامىنى ئېلىشقا لايىق بولىدۇ.

# قۇربانلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

قۇربانلىق ( ئۇدھىيە )، ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولغان مۇئمىنلەرنىڭ، پەيغەمبىرى كۆرسىتىپ بەرگەن شەكىلدە، اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئەجرى بىلەن نەسلى كۆپەيتىلگەن بەلگىلىك ھايۋانلاردىن ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى يوقسۇللار بىلەن بەھرىمان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرباننىڭ مالدىن تەقدىم قىلىنىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇ ئارقىلىق، اللّٰه ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن دۇنيالىقلارنىڭ ئىنسان بىلەن رەببى ئارىسىغا كىرىشكە يول قويماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇربان، رەببى بەخش ئەتكەن دۇنيالىق نېمەتلەرنى ئاللاھتىن يىراقلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

قۇربان، ئەسلىدە « ئەي ئىنسان! دۇنياغا بېرىلىپ كەتمە! » تەلىماتى بولۇپ، « مال – مۈلۈككە ئىگە بولۇشمۇ ياكى مال – مۈلۈككە قۇل بولۇشمۇ؟ » تاللىشىنىڭ ئالدىنقىسىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان مال – دۇنيانى ئىلاھى ئامانەت دەپ قارىماي، مۈلكىيەت دەپ قارىغان ۋاقىتتا بەرمەيدۇ. كىشى ۋازكېچەلمىگەن نەرسىسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قۇل بولىدۇ. ئىنسان مال – مۈلۈكنى ئامانەت دەپ قارىغان ۋاقىتتا، ئېھسان قىلالايدۇ، اللّٰه ئۈچۈن بەرگەن ۋاقىتىدا ھەقىقىي شەكىلدە مال – مۈلكىگە ئىگە بولالايدۇ.

قۇرباننىڭ ھېكمىتى « مەۋجۇدىيەت مەرتىۋىسى ( مەراتەبۇل – ۋۇجۇد ) »گە رىئايە قىلىش بولۇپ، قۇرئاندا قۇربانلىق تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە « ئاللاھنىڭ ھايۋانلارنى ئىنساننىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى »نى تەكىتلەيدۇ ( ھەج، 36 - 37 ). قۇرئان بۇنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ۋاستىلىق ھالدا شېرىكنى يوقۇتۇشنى، بىۋاستە ھالدا جانلىق مەرتىۋىلىرىنى نەزەردە تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: مەۋجۇدىيەت مەرتىۋىسى جەھەتتىن ئىنساننىڭ دەرىجىسى ھايۋاندىن يۇقىرى. قەدىم مىسىر مەدەنىيىتىدىكىگە ئوخشاش قەدىم

مىللەتلەر ئىچىدە بۇ دەرىجە تەتۈر ئۆرۈلگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ھايۋانغا چوقۇنغانلىقىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. اللّٰه يەر يۈزىدىكى مەخلۇقلارنى ئىنسان ئۈچۈن ياراتقان، ئىنساننى ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان. قۇربان، مەۋجۇدىيەت تەرتىۋىدە ئىنسانغا ئاللاھىدە ئورۇن بەرگەن ئاللاھقا ئىنساننىڭ بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقتۇر.

ئىنسان مەۋجۇدىيەت تەرتىۋىنى ھەر قېتىم بۇزغاندا، ئۆزىگە بىر بالا تېپىۋالىدۇ. ئويدۇرما مۇقەددەس ياكى ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن ئازغۇنلۇقلارنىڭ ئاستىدا، مەۋجۇدىيەت دەرىجىسىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ياتىدۇ. ئەگەر مەۋجۇدىيەت تەرتىۋى بۇزۇلسا، مانا بۇ ۋاقىتتا ئىنسان قۇربانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن قۇربان، پەقەت ئىنساننىڭ اللّٰه ئالدىدىكى ئورنىنى بىلىش بولۇپلا قالماستىن، شەيئىلەر قاتارىدىكى قىممىتى ( دەرىجىسى ) نى بىلىشىدۇر.

## قۇربانلىق قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغانمۇ؟

قۇرئانغا كۆرە، قۇربانلىق قىلىش تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ:

ھەر ئۈممەتكە قۇربانلىق قىلىشنى بىر ئىبادەت قىلدۇق ( ھەج، 34 ).

قۇرئان، ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ اللّٰه ئۈچۈن قىلغان سەدىقىلىرىنى، « ماھىيەتتە ئاللاھقا يېقىنلىشىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قۇربان ئاتالغۇسى بىلەن ئاتايدۇ ( مائىدە، 27 ). ئۇلار ئەجىر سىڭدۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن اللّٰه رىزالىقى ئۈچۈن ۋاز كېچىپ، ئاللاھقا يېقىن بولۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ھابىل ئىگە بولغان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسىنى ئاللاھقا ئاتىغان؛ قابىل ئەڭ ناچارلىرىنى ئاتىغانىدى. بۇ ھابىلنىڭ ھەممىدىن بەك ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى؛ قابىلنىڭ بولسا، ھەممىدىن بەك مال – دۇنيانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھابىل ئامانەت ئېڭىغا ئىگە بولغانلىقتىن مېلىنىڭ خوجايىنى بولغان، قابىل ئامانەتنى مۈلكىيەت دەپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن مال – مۈلۈككە قۇل بولغان. ھابىل مال –

مۆلۈكىدىن بېرەلىگەنىدى، چۈنكى ئۇ مېلىنىڭ خوجايىنى ئىدى. قابىل بېرەلمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ مېلىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئاللاھنىڭ مۇرادى، ئازغۇن قەدىمكى ئەنئەنىلەردە شەكىللەنگەن ئىنسانىي قۇربانلىق قىلىش ئادىتىگە خاتىمە بېرىش ئىدى. اللّٰه بۇ يولنى نەبىلەرنىڭ بوۋىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئارقىلىق كۆرسەتمەكتە. بۇ ئارقىلىق، ھايۋانلار قۇربانلىق قىلىنىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى، اللّٰه ھايۋانلارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ( تەسھىر ). ئۇلارنىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بۇ. ئىنسانلار ئۆزىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئاتاش ئارقىلىق ئاللاھقا قۇربان بولىدۇ.

اللّٰه كىتابىدا ئىنسانلارنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى، بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىرەر قۇربانلىق. شۇڭا رەسۇلۇللاھ « ناماز قۇرباندۇر » ( ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەت، 14746 ) دېگەن. پەقەت نامازلا ئەمەس، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەربىرى، ھەتتا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەر ياخشىلىق قۇربانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋىدا ھەجىدە، رەسۇلۇللاھ قۇربانلىق قىلىدىغان يەرگە كەلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن 63 قۇربانلىق قىلدى. بۇنى اللّٰه ئۆزىگە بەخش ئەتكەن ھەر يىل ئۈچۈن بىر شۈكۈر سۈپىتىدە قىلغانىدى. قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېدى ۋە شورپىسىنى ئىچتى. ئۇ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق، جاھالەت ئەقلى ئويدۇرغان « ھايۋاننى مۇقەددەس » بىلىش شەكلىدىكى قۇربانلىق چۈشەنچىسىنى رەت قىلغانىدى ( مائىدە، 103 ). ئويدۇرما مۇقەددەسلەر پەيدا قىلغان جاھالەت، باشتا بىر تۆگىنى « ئاللاھنىڭ تۆگىسى» دەپ جاكارلاپ، ئاندىن ئۇنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈمگە تەرك قىلغان، بۇ مۇئامىلىسى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان سەمۇد قەۋمىنىڭ ئەقلىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى.

## قۇربانلىقنىڭ مەقستى نېمە؟

قۇربانلىقنىڭ مەقستى - مەسئۇلىيەت ئېڭى بەرپا قىلىشتۇر.
« ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ. ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەر ( مۇئمىنلەر )نىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ( تەقۋادارلىقى )دۇر »( ھەج، 37 ).

## جېنىنى بەرگۈچى قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋان تۇرۇپ، ئاللاھقا يېتىدىغان بىزنىڭ تەقۋالىقىمىز، نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟

بۇ مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ئاللاھنىڭ مەنىۋى ھوزۇرىغا چىقىشى دېگەنلىك بولۇپ، خۇددى جانلىقلارنىڭ روھى بولغاندەك، قىلغان ئەمەل – ئىبادەتلىرىمىزنىڭمۇ روھى بولىدۇ. ئەمەلنىڭ روھى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇپ، ئاللاھقا قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ گۆشى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئەمما اللّٰه ھوزۇرىغا بەندىدىكى تەقۋالىق يۈكسىلىدۇ، مانا بۇ مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ دەل ئۆزى.

# جىھاد نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

جىھاد « قولىدىكى پۈتۈن ئىمكانىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئانى جىھاد ئۇقۇمىنى نوقۇل ھالدا « مۇقەددەس ئۇرۇش » چۈشەنچىسىگە يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ. بۇ مەنا قۇرئان جىھاد ئاتالغۇسىغا بەرگەن مەنا ئەمەس. قۇرئاندا جىھادتىن ئايرىم ھالدا « ئۇرۇش ( قىتال ) » ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنىدۇ. جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئايەتتە ( ھەج، 39 )، ھەتتا جەڭ زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا، مۇئمىنلەرگە جەڭنى بىر مەسئۇلىيەت قىلىپ بىلدۈرگەن ئايەتتە، جىھاد ئەمەس قىتال ئىبارىسى تىلغا ئېلىنىدۇ ( بەقەرە، 216 ).

جىھاد، « ئىنساننىڭ اللّٰه يولىدا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقى »نى بىلدۈرىدۇ. « ئۇلارغا قارشى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىل! » دەپ بۇيرىغان بۇ ئايەت، ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغان، جىنىغا قەست قىلىۋاتقان دۈشمەنلىرىگە قارشى، مۇئمىنلەر يوللۇق مۇداپىئەدە بولۇپ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن مەككىدىكى ۋاقىتدا نازىل بولغان: « شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى ( پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىلغىن » ( فۇرقان، 52 ) ئايىتىدە جىھاد قىلغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسىنىڭ قورال – ياراق ئەمەس، « سۆز »، يەنى « ئىلاھىي كالام » بولىشى كېشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا يوللۇق جەڭنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمان بولمىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش ئاچقان ۋە تاجاۋۇز قىلغان بولىشى كېرەك ( بەقەرە، 190؛ مۇمتەھىنە، 8 – 9 ) . ئەگەر اللّٰه ، يەر يۈزىدىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى خالىغان بولسا ئىدى، مۇشۇنداق قىلاتتى: « ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( يۇنۇس، 99 ). اللّٰه ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا قالدۇردى ( كەھف، 29 ). ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا ئەلچىلىرى ۋە كىتابلىرى

ئارقىلىق ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى ( ئالئىمران، 110 ). يوللۇق ئۇرۇشنىڭ مەقستى يەر يۈزىدە مۇسۇلمان بولمىغان كىشى قويماسلىق ئەمەس. قۇرئانغا كۆرە يوللۇق ئۇرۇشنىڭ مەقستى، « ئېتىقادقا بېسىم ( فىتنە )»نى يوقۇتۇشتۇر ( بەقەرە، 193 ).

كىشىنىڭ هاۋايى – نەپسى ۋە ئازدۇرغۇچى شەخسىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشىمۇ جىهادنىڭ بىر پارچىسى.

## جىهاد بىلەن ئۇرۇش ئوخشاشمۇ؟

ئوخشاش ئەمەس.

هەج سۈرىسى 78 – ئايەتتە « جىهاد »نى زامان ۋە ماكاندىن مۇستەقىل هالدا « بۇيرىغان » ( فۇرقان سۈرىسى 52 - ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ ) ۋە 39 – ئايىتىدە « ئۇرۇش »قا نېمە ئۈچۈن « رۇخسەت قىلغانلىقى »نى بايان قىلىدۇ.

جىهادنى پەقەت مەككىدە ئەمەس، مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ نوقۇل هالدا « ئۇرۇش قىلىش »نى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: « ئى نەبى! سەن كۇففارلار بىلەن ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىهاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەهەننەمدۇر، جەهەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! » ( تەهرىم، 9 ).

جىهاد قىلىش ئەمرى قىلىنغان بۇ ئايەت پەقەت كاپىرلار بىلەنلا جىهاد قىلىشقا بۇيرۇپ قالماستىن، مۇناپىقلار بىلەن جىهاد قىلىشقا بۇيرىماقتا. مەدىنىدە رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلمىغان. ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇناپىقلارنىڭ كاتتۋېشىغا بەك يۈز – خاتىرە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن اللّٰه رەسۇلۇللاھقا كايىغان ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ( تەۋبە، 84 ).

## ھەممە بىردەك قوبۇل قىلغان ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش، يامانلىقنى توسۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

تېمىنىڭ ئەسلى شەكلى ئەل ئەمر بىلمەرۇف ۋەن نەھي ئەنىل مۇنكەر بولۇپ، ھەر دەۋر ۋە ماكاندا ئىنسانىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان « ئورتاق ياخشىلىق »نى قۇرئان ئەل مەرۇف، « ئورتاق يامانلىق »نى ئەل مۇنكەر دەيدۇ. ۋەھىي مۇئمىنلەرگە ياخشىلىقنىلا بۇيرۇپ قالماستىن، ياخشىلىقنى ئۆزى ياشاۋاتقان ماكاندا كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا بۇيرىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يامانلىقتىن يىراقلىششىنىلا بۇيرۇپ قالماستىن، يامانلىقتىن باشقىلارنى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرىيدۇ. مەسىلەن:

مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر – بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار ( كىشىلەرنى ) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ ( تەۋبە، 71 ).

« ( ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! ) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر » ( ئالئىمران، 110 ).

« ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر. ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ، اللّٰه مەسئۇلىيەتچانلار( تەقۋادارلار)نى ئوبدان بىلىدۇ » ( ئالئىمران، 114 - 115 ).

« مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار ( مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق تۇرۇشتا ) بىر – بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ ( يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ ). ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى ( يەنى ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى )، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى ( يەنى اللّٰه ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى ). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر » ( تەۋبە، 67 ).

« مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر – بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار ( كىشىلەرنى ) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ( تولۇق ) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا اللّٰه رەھىم قىلىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( تەۋبە، 71 ).

## ئىسلامدا خىرىستىيانلىقتىكىدەك مىسسىئونېرلىك بارمۇ؟

يوق. مىسسىئونېرلىك چىركاۋلارنىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر پائالىيەت. ئىسلامدا چىركاۋ خاراكتېرىدىكى ئورگان بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىسسىئونېرلىكمۇ يوق.

ئىسلامدا دەۋەت بار. دەۋەت بىلەن مىسسىئونېرلىك ئارىسىدا ماھىيەت پەرقى بار. ئىسلامدا كىشىلەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ: « ئاللاھقا ( يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە ) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن ھەقىقەتەن شەرتسىز ھالدا ئاللاھقا تەسلىم بولدۇم، يەنى مۇسۇلمان بولدۇم دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ » ( فۇسسىلەت، 33 ). مىسسىئونېرلىكتە كىشىلەر « چىركاۋ »غا دەۋەت قىلىنىدۇ. چۈنكى پاۋلوس « چىركاۋ نىجاتلىقتۇر » دېگەن. ھالبۇكى قۇرئان، مۇسۇلمان جامائىتىگە مەنسۇپ بولۇشنى، ئۆز ئالدىغا نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ كاپالىتى دەپ كۆرسەتمەيدۇ. ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنى، يەھۇدىيلەرنى ۋە خىرىستىيانلارنى ۋە ھەزرىتى يەھياغا ئىمان ئېيتقان يەھۇدىي – ئىسەۋى سابىئىلەرنى بىر يەردە تەڭ تىلغا ئالغان ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

« شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار ( ئارىسىدىن ) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار رەببىنىڭ قېشىدا ئەجرىدىن بەھرىمان بولىدۇ. ئۇلارغا ( ئاخىرەتتە ) قورقۇنچ ۋە غەم – قايغۇ يوقتۇر » ( بەقەرە، 62 ).

جانابى اللّٰه بۇنىڭغا يېقىن باشقا بىر ئايەتتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

مۇئمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن، ناسارالاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ( كەلگۈسىدىن ) قايغۇرۇش يوقتۇر ( مائىدە، 69 ).

## دەۋەت نېمە؟ ئىنسان كىمگە ۋە نېمىگە دەۋەت قىلىنىدۇ؟

« ئاللاھقا ( يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە ) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن ھەقىقەتەن شەرتسىز ھالدا ئاللاھقا مۇسۇلمان بولدۇم، دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ » ( فۇسسىلەت، 33 ).

« ( ئى مۇھەممەد! ) مەن پەقەت ئاللاھقا ( ھېچ نەرسىنى ) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، ( ئىنسانلارنى ) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن، ئاللاھنىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن، دېگىن » ( رەئىد، 36 ).

« رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ < رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار! > دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق »( ئالئىمران، 193 ).

« ئى مۇئمىنلەر! اللّٰه رەسۇلى ئارقىلىق سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ( يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، اللّٰه كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر »( ئەنفال، 24 ).

« ئەگەر ئۇلار ( ئىسلامدىن ) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ( ھەقىقەتنى ھېچ كىشىنى ئايرىماستىن ) ئوخشاش ئۇقتۇردۇم، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ( ئازاپ ) يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ ئۇقمايمەن » ( ئەنبىيا، 109 ).

## دەۋەت قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

« رەببىڭنىڭ يولىغا ( يەنى ئىسلام دىنىغا ) ھېكمەتلىك ئۇسلۇپتا ياخشى ۋەز – نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار ( يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار ) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. رەببىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ » ( نەھل، 125 ).

« ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق ( يامان خىسلەتكە ) تاقابىل تۇرغىن، ( شۇنداق قىلساڭ ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ » (فۇسسىلەت، 34 ).

« تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىمدىن تىلەيمەن » ( شۇئەرا، 109).

« سەن ( دىلى ) كورلارنى گۇمراھلىقتىن ئايرىپ، ھىدايەت قىلالمايسەن، سەن( دەۋىتىڭنى ) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن » ( نەمل، 81 ).

## قۇرئاندا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانداق؟

قۇرئان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا باشقا بارلىق دىن مەنسۇپلىرىغا قارىغاندا باشقىچە قارايدۇ. بۇ، قۇرئان « ئەھلى كىتاب » دەپ ئاتىغان، ئىلگىرىكى ۋەھىيلەرگە ئەگەشكۈچىلەرگە خاس بىر ئىسىم.

قۇرئان مەزكۇر رايۇندىكى ئەرەپ بۇتپەرەسلەرگە بەرمىگەن ئىمتىيازنى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ( بولۇپمۇ بوغۇزلىغان ھايۋانلىرىنى ) يېگىلى بولىدىغانلىقىنى، خانىم – قىزلىرى بىلەن توي قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ( مائىدە، 5 ). بۇ ئىمتىياز، قۇرئان يەھۇدىي

ۋە خرىستىيانلارغا بەرگەن « ئەھلى كىتاب » ئىتىۋارىنىڭ قانۇنلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## قۇرئان يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارغا قارىتا ئۆزگىچە چاقىرىقتا بولامدۇ؟

قۇرئان يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارغا قارىتا ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇپ بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. بۇ دەۋەت بىر مەنسۇبىيەتنى تاشلاپ، باشقا بىر مەنسۇبىيەتكە كىرىشنى ئەمەس، يەھۇدىيلارنى ھەقىقىي مۇسەۋىي بولۇشقا؛ خرىستىيانلارنى ھەقىقىي ئىساۋى بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى قۇرئانغا كۆرە ھەزرىتى مۇسا ۋە ئىسا ئىسلام نەبىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرىپ، شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرغان نەبىلەردۇر. قۇرئاننىڭ دەۋىتىمۇ پۈتۈن ئەلچىلەرنىڭ « ئورتاق دەۋەتى » بولغان تەۋھىدتۇر:

« < ئى ئەھلى كىتاب! ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر – بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە ( يەنى بىر خىل ئەقىدىگە ) ئەمەل قىلايلى > دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە ( يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا ): < ( ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى! ) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار > دېگىن » ( ئالئىمران، 64 ).

# هارملار

# ئىسلامدا شېرىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

شېرىك، ئاللاھقا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئۇنىڭدىن غەيرىگە نىسبەت بېرىش بولۇپ، « ئورتاق، ھەمراھ قوشۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شېرىك ئىسلامدا ئەڭ چوڭ گۇناھ. ھەر قانداق گۇناھنى اللّٰه تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن شېرىكنى تەۋبىسىز ئەپۇ قىلمايدۇ ( نىسا، 48؛ زۇمەر، 53 ). چۈنكى شېرىك، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان مېھرى – مۇھەببىتىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

شىرىكنىڭ زىتتى تەۋھىد. تەۋھىد، ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرنى پەقەت ئاللاھقىلا نىسبەت بېرىش، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى ئورتاق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. شېرىك بىلەن تەۋھىد بىر – بىرىگە زىت بولۇپ، بىرسى بار يەردە يەنە بىرسى بولمايدۇ.

ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش شېرىك بولىدۇ. ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ پەرىشتە، مۇقەددەس روھ، نەبى، ھاۋارى، ئەزىز بولىشى مۇھىم ئەمەس، كىمكى بۇلاردىن بىرىگە ئىبادەت قىلىدىكەن ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئىبادەت پەقەت ئاللاھقا بولىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش، كىشىنىڭ ئۆزىگە ئىلاھ تەيىنلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى، ۋەزىپە بەرگۈچى ئىگە ۋە تاپشۇرۇۋالغۇچىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغۇچى ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئورنى تۆۋەن بولىدۇ. ئىلاھنى ئۆزى تەيىنلىگەن كىشى، ئەسلىدە ئىلاھىغا خوجايىن بولىدۇ. بۇ « ئىلاھنى تەيىنلەش » دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلاھنى ئۆزى بەلگىلىگەن كىشى، ئەمەلىيەتتە ئۆز شەخسىيىتىگە چوقۇنىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ئۆز خاھىشى ۋە ھەۋسىنى بۇتلاشتۇرغانلىق بولىدۇ ( يۇنۇس، 66 ). بۇ سەۋەپتىن ھەر شېرىك، ئۆزىنى بىلمەسلىكتۇر.

ئىلاھنى ئۆزى تەيىنلەپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئېغىر زىتلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ زىتلىق ئىنساننىڭ روھى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلىكىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرنى ئۇنىڭدىن غەيرىگە نىسبەت بېرىش، شېرىك بولىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىنى كەمچىلىكتىن خالىي ۋە مۇكەممەل دەپ بىلىش شېرىك بولىدۇ. كەمچىلىكلەردىن خالىي ۋە مۇكەممەل بولغان پەقەت اللّٰه. نەبىلەردىن تارتىپ بارلىق ئىنسانلار كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس.

قۇرئان « ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى » دېگۈچىلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

« سىلەر شەك – شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ ( يامانلىقىدىن ) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى » ( مەريەم، 89 – 90 ).

شېرىك، ئىنساننىڭ روھى مۇستەقىللىق باسقۇچىغا سېلىنغان شەيتان كىشىنى. ھەر شېرىك ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان ئۈمىدىنى سۇغا چىلاشتۇرۇش تەشەببۇسى بولۇپ، ھەر شېرىك ئىنساننى ياكى بەندىگە قۇل قىلىدۇ ياكى نەپسىگە قۇل قىلىدۇ.

## قايسى ئىشلار شېرىك دائىرىسىگە كىرىدۇ؟

ئاللاھقا مەخسۇس بىر ھوقوقنىڭ ئاللاھتىن غەيرى بىر كىشى ياكى تەبىقە، ئورگان ۋە ياكى ماقام تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغانلىقىنى داۋا قىلىش شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان، ھۆكۈمدە ئاللاھقا شېرىك قىلىنغان كونكرېت – ئابستراكت ھەر قانداق ھاكىمىيەتنى « شېرىك قوشۇلغان ھاكىمىيەت » مەنىسىدە تاغۇت دەپ ئاتايدۇ. ئىلاھلىق ھەققى پەقەت ئاللاھقا خاس، ئۇنىڭدىن غەيرىنىڭ ھەققى ئاللاھقا بەندە بولۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش. ئاللاھقا خاس ھەقتىن ئۆزىگە ھەسسە ئېلىشقا ئۇرۇنۇش، ئۇنى ئىلاھقا ئايلاندۇرمايدۇ. لېكىن، ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئىلاھلىق داۋاسى قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىنسانلىقى ئەڭ باشتا زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئاللاھقا ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ.

« اللّٰه ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، ( مۇشرىكلارنىڭ ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر » ( ھەشر، 23 ).

ئاللاھقا كەمچىلىك ۋە خاتالىقتىن نىسبەت بېرىش شېرىكتۇر. شېرىكنىڭ بۇ تۈرىگە، ئاللاھقا بەشەرى سۈپەتلەرنى نىسبەت بېرىشمۇ كىرىدۇ. اللّٰه تا كەمچىلىك كۆرۈش، شۇنداق قارىغۇچىنىڭ دىلىدىكى ئەگرىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. نەزەر سالغۇچى نەزىرىدىكى ئەگرىلىك تۈزەلمەي تۇرۇپ، نەزەر تاشلىغان نەرسىنى توغرا كۆرەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىملىرىنىڭ ھەر بىرى، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ نىشانىسى. ئەسمائى – ھۇسنانىڭ بىر مەقسىتى، ئاللاھنىڭ خاراكتېر ۋە ھەرىكىتىدە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بولغان بولسا، يەنە بىر مەقسىتى ئىنساننىڭ بۇ خاراكتېر ۋە ئەمەللىرىنىڭ ھېچبىرسىدە مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەش.

ئىبادەتلەر اللّٰه ئۈچۈن قىلىنغاندا ئىبادەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن غەيرى ئۈچۈن قىلىنغاندا شېرىك بولىدۇ. قۇددۇس بولغان ئاللاھتىن ئېلىنغان ھەر مۇقەددەسلىك، بۇت بولۇشقا نامزاتتۇر.

شېرىك، ئاللاھقا قىلىنغان تۈز كورلۇقتۇر ( قۇرەيس، 1 - 4 ). چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك.

شېرىكلەرنىڭ ھەممىسى « ئۆزىدىن يىراق تەڭرى » تەسەۋۋۇرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ياراتقۇچىسى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىغاندا، شېرىكنىڭ ئىشكلىرى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا ياراتقۇچىغا يەتكىلى بولماسلىق چۈشەنچىسى ياتىدۇ. ھالبۇكى، ياراتقۇچى ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن.

شېرىك ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر.

« ئاللاھقا تۆھمەت قىلغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ » ( سەپ، 7 ).

شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ:

« ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن » ( زۇمەر، 65 ).

شېرىك كەلتۈرگۈچى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ:

« ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى ( شېرىك ) قىلمىغىن، ( ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ) ئەيىبلەنگەن، ( ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ) مەھرۇم بولغان ھالدا تەنها قالىسەن » ( ئىسرا، 22 ).

شىرىك پۈتۈننى بۆلۈش، پارچىلاش دېگەنلىك بولىدۇ. شىرىك ئىنساننىڭ ئىچكى پۈتۈنلىكىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، روھى دىنامىكلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە ئىچكى ئېنىرگىيىسىنى تۆگىتىدۇ. شىرىك، ياراتقۇچىنى پارچىلىمايدۇ. شىرىك، شىرىك قوشقۇچى ئىنساننى پارچىلاپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى پۈتۈنلىكىنى، كىشىلىكىنى پارچىلاپ تاشلايدۇ. شىرىك بىر روھى كېسەللىك بولۇپ، ئىنساننىڭ چۈشەنچە – تۇيغۇ، روھ - بەدەن، مەنا – جىسىم، قەلب – ئەقىل ئارىسىدىكى بېغىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

شىرىك، شىرىك قوشۇلغان نەرسە ئالدىدا ئىنساننى چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئىنسان 13 رەقىمىنىڭ شۇملىقىنى بىشارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، 13 – نۇمۇرلۇق ياتاقتا ياتقۇزغان ۋاقتىڭىزدا، قارا باسىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. شىرىكنىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى تەسىرى مانا مۇشۇنداق.

قۇرئان شىرىكنى « ئەڭ چوڭ زۇلۇم » دەپ ئاتايدۇ ( لوقمان، 13 ).

# ئىسلامدا زۇلۇم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

زۇلۇم، لوغەتتە « بىر نەرسىنى ئورنىدىن ئېلىۋېتىش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش « ھېمكەت » بولىدۇ. زۇلۇم ئاتالغۇ شەكلىدە « ئادالەت » نىڭ ئەكسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئادىل بولمىغان ھەر نەرسە زۇلۇمدۇر. ئادالەت، كىشىگە لايىق بولغىنىنى لايىق شەكىلدە بېرىشتۇر. زۇلۇم كىشىنى ھەققىدىن مەھرۇم قىلىشتۇر.

زۇلۇم، ئىسلامدا قەتئىيلىك بىلەن چەكلەنگەن. قۇرئان پۈتۈن خىتاپ قىلىنغۇچىلىرىغا ئادالەتنى ئەمر قىلىدۇ ( نەھل، 90 ). زۇلۇمنى قاتتىق شەكىلدە چەكلەيدۇ. ھەتتا قۇرئاندا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن » ( قاف، 29).

ئىسلامدا زۇلۇم قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر باھانىسى يوق. مەيلى دىنى، دۆلەت، شەخسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ياكى باشقا سەۋەپنى كۆزلەپ ھېچكىم باشقا بىرىگە زۇلۇم قىلالمايدۇ. قۇرئان: « شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق » ( قەسەس، 59 ). شۇڭا ئىسلام ئالىملىرى « دۆلەت كۇپۇردىن ئەمەس، زۇلۇمدىن زاۋال تاپىدۇ » دەيدۇ.

# ئىسلامدا كۇپۇر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ كاپىر دەپ كىملەرگە دېيىلىدۇ؟

كۇپۇر، تىلدا « يېپىش »، كاپىر « يېپىپ قويغۇچى » دېگەنلىك بولىدۇ. ھەر تۈرلۈك كۇپۇر، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇش دېگەن مەنىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ.

كۇپۇر ۋىجداننىڭ ئۈستىنى يېپىشتۇر. چۈنكى، ئىنسان ۋىجدانى دائىم ھەقىقەتنى جاكارلايدۇ. ئىنسان بۇ چۇقاننى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، ۋىجداننىڭ ئۈستىنى كۆرۈنمەس بىر پەردە بىلەن ياپىدۇ. مانا بۇ كۇپۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

كۇپۇرنىڭ دىنى مەنىسى – قۇرئاندا يەر ئالغان ۋە ئىمان ئېيتىلىشى شەرت بولغان ھەقىقەتلەردىن بىرىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى شەرتى بار:

1 . بۇ ھەقىقەت كىشىگە ئوچۇق ۋە ئېنىق شەكىلدە يەتكۈزۈلگەن بولىشى كېرەك.

2 . كىشى ئۆزىگە كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئىمان ئېيتىشنى بۇيرىغان بۇ ھەقىقىتىنى ئاڭلىغان ۋە چۈشەنگەن ھالدا، ئوچۇق ۋە رۇشەن شەكىلدە ئىنكار ۋە رەت قىلغان بولىشى كېرەك.

بۇ ئىككى شەرت ئەمەلىيلەشكەن ۋاقىتتا، ئىسلامدا ئۇ كىشى ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلغان مەنىدىكى « كاپىر » ، قىلغان قىلمىشى « كۇپۇر » ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر غەيرى مۇسلىم « كاپىر » ئەمەس، لېكىن ھەر كاپىر « غەيرى مۇسلىم » بولىدۇ.

## ئىسلامدا نىفاق نېمە؟ مۇناپىق كىم؟

نىفاق « يۈزسىزلىك »، مۇناپىق « يۈزسىز » دېگەنلىك بولىدۇ.

نىفاق، « ئىمان » مەسىلىسى بولۇشتىن زىيادە، « ئىمان ئەخلاقى »غا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. چىن قەلبىدىن ئىشەنمىسىمۇ، تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئىشىنىدىغاندەك كۆرۈنۈش نىفاق، مۇشۇنداق قىلغۇچى مۇناپىق دەپ ئاتىلىدۇ. مۇناپىقلار ئىمان ئەخلاقىدىن يوقسۇل كىشىلەر بولۇپ، شۇڭا ئىمانلىرىدا ۋە ئىنكارلىرىدا دۇرۇست ئەمەس. مۇناپىقلار ئىمان ۋە دۇرۇستلۇقا ھەسەت قىلغۇچىلاردۇر.

ئىسلامدا ئىنساننى ئىچى – تېشى بىردەك بولۇشقا دەۋەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن نىفاق چەكلەنگەن.

قۇرئاندا مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جايى ئىنكارچى ( كاپىر )لاردىنمۇ تۆۋەن ئورۇندا بولىدۇ ( نىسا، 145 ).

## ئىسلامدا ئىنسان ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ۋەھيي، بىر ئىنساننى ھەقسىز ھالدا قەستەن ئۆلتۈرۈشنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش دەيدۇ ( مائىدە، 32 ). بىر ئىنساننى ئۆلتۈرگۈچى:

1. ئاللاھنىڭ شاھ ئەسەرىنى ئۆلتۈرگەن، ياراتقۇچىنىڭ ھەققىنى يېگەن بولىدۇ.

2. ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھەققىنى يېگەن بولىدۇ.

3. ئۆز تۈرىنى ناھەق ھالدا قەستەن ئۆلتۈرۈش بىلەن، ئۆز تۈرى ئۈچۈن زىيانلىق بىر مەۋجۇدىيەتكە ئايلانغانلىقىنى نامايەن قىلغان ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

ئىسلام ئىنسان ھاياتىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ بىباھا قىممەتكە ھۇجۇم قىلغانلارغا قارىتا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنى مۇداپىئەسىز ھالدا تاشلاپ قويمايدۇ. ئىسلام تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ئۆزىنى قوغداشقا رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئايەتتىمۇ « تاجاۋۇز قىلماڭلار ( چەكتىن ئاشماڭلار ) » دەيدۇ ( بەقەرە، 190 ). ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا جەڭ ئېلان قىلمىغانلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قۇرۇشنى توسمايدۇ ( مۇمتەھىنە، 8 ). ئىسلام بۇ ئەھۋالدا، تاجاۋۇز قىلغۇچىغا قارشى ئۆزىنى قوغداشنى ئاساس قىلغان بىر ئۇرۇش ۋە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە بېرىلىدىغان ئوخشاش شەكىلدىكى جازادىن باشقا شەكىلدە، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى مەنئىي قىلغان.

## ئىسلامدا ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە قانداق جازا بېرىلىدۇ؟

ئىسلامدا بىر ئىنساننى ناھەق قەستەن ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ئىككى خىل: بىرى، ئاللاھنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرەتتىكى جازاسى ( نىسا، 93 ). يەنە بىرى، بەندە ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى جازاسى. دۇنيادىكى جازاسى، جىنايەتكە ئوخشاش شەكىلدە جازا بېرىش ( قىساس )، يەنى « ئۆلۈم » ( بەقەرە، 178 ). ئەمما، بىگۇناھ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋاباتى خالىسا قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقىغا ئىگە ( بەقەرە، 178 ). لېكىن، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋاباتى، ھەرگىزمۇ ئىنتىقام تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ « ئوخشاش شەكىلدىكى جازا »دىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم ( ئىسرا، 33). بۇنداق قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقان بولىدۇ.

قۇرئان بەلگىلىگەن ئىسلام جازا قانۇنىدا ئۈچ ۋىجدان تەسەللى تاپىدۇ:

1 . مەزلۇمنىڭ ۋىجدانى

2 . ئاممىنىڭ ۋىجدانى

3 . جىنايەتچىنىڭ ۋىجدانى

باشقا ئادالەت سىستېمىسى باشتىكى ئىككىسىنى نەزەرگە ئالغان، ئۈچىنچىسىنى پەقەت ئىسلام نەزەرگە ئالغان. جىنايەتچىنىڭ ۋىجدانىنى تەسەللىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جىنايەتچىدە ئاكتىپ بىر ۋىجدان شەكىللەندۈرۈش شەرت.

ئىسلامدا ئەڭ ئېغىر دۇنياۋى جازا، بىر ئىنساننى ناھەق يەرگە ئۆلتۈرگۈچىگە بېرىلگەن « ئۆلۈم » جازاسى. ئۆلۈم جازاسى، ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن كەينىگە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر جازا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۈبھىلىك ئەھۋاللاردا توختۇتۇپ قويۇش ھەققىدە اللّٰه رەسۇلى تەلىم بەرگەن.

## ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن چوشقا گۆشى هارام؟ سەۋەبى نېمە؟

ئىسلامدا چوشقا گۆشى هارام. پەقەت ئامال بولماي هاياتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە مۇئمىن چوشقا گۆشى يېسە بولىدۇ. چوشقا گۆشىنى قۇرئان هارام قىلغان ( بەقەرە، 173؛ مائىدە، 3؛ ئەنئام، 145؛ نەهل، 115 ).

قۇرئاندا بەزى هاراملارنىڭ سەۋەبى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، چوشقا گۆشىنى هارام قىلغان ئايەتلەردە هارام قىلىنىش سەۋەبى تىلغا ئېلىنمىغان. ئالدى بىلەن، بۇ دىن ئىسمىنىڭ ئىسلام ( تەسلىمىيەت يولى ) ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم. بەزى هاراملارنىڭ سەۋەبى بىۋاستە هالدا « ئاللاهقا تەسلىمىيەت ئىمتىهانى » بولىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ هەقىقەت بىزنىڭ بۇ هارامنىڭ هېكمىتى ۋە سەۋەبى هەققىدە ئىزدىنىشىمىزگە مەنئىي بولمايدۇ.

ئىسلام چوشقا گۆشىنى هارام قىلغان. لېكىن، ئىسلام ئاللاهنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىرى بولغان چوشقىنىڭ ئۇرقىنى قۇرتىۋېتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. چوشقىمۇ الله ياراتقان باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ الله « مەلۇم مەقسەت بىلەن » ياراتقان مەخلۇقلاردىن بىرى. « چوشقىنىڭ يارىتىلىش مەقستى نېمە؟ » دېگەن سوئالغا، جاۋاپ سۆپتىدە، ئۇنىڭ هەيران قالارلىق دەرىجىدە تەبىئەتنىڭ ئەخلەت تازلىغۇچىسى بولىشى ئەقلىمىزگە ئەڭ باشتا كېلىشى مۇمكىن.

چوشقا گۆشىنىڭ هارام بولىشى، سالامەتلىك نوقتىسىدىن زىيانلىق دەپ قارالغانلىقتىن. مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىككە كەلگەن بۇ مەسىلە، بىر چەتكە تاشلاپ قويغىلى بولمايدىغان سەۋەپلەردىن بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنداق بىر مەنىۋي سەۋەبى بولىشىمۇ مۇمكىن. چوشقا گۆشى ئارقىلىق هارام قىلىنغان نەرسە، ئەسلىدە « چوشقىغا ئوخشاپ قېلىش » بولىشى مۇمكىن. بۇ چوشقا گۆشىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ ئەخلاقى تەرىپى. چۈنكى، چوشقا هايۋانلار ئىچىدە « تالىلماسلىق ( چېكى بولماسلىق ) »نىڭ سىمۋولى.

1. يەمدە ئۈنىڭ بىر چېكى يوق. يېگىلى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى يەيدۇ، مەيلى پاكىز مەيلى پاسكىنا بولسۇن؛ مەيلى يېڭى، مەيلى ئېچىپ قالغان بولسۇن تاللىمايدۇ.

2. كۆپىيىشتە چېكى يوق. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ تۇغىدىغان ھايۋان چوشقا. چىشى ياۋا چوشقا بىر قېتىمدا 14 كۈچۈك تۇغالايدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ھەر چوشقا كۈچىكى 6 – 8 ئاي ئىچىدە تۇغقىدەك ھالغا كېلىدۇ.

3. جۈپلىششتا چەك يوق. جۈپ تاللاپ يۈرمەيدۇ.

چوشقا گۆشىنىڭ ھارام قىلىنىشى ئارقىلىق مۆئمىنلەرگە ئەخلاقى جەھەتتىن « ھاياسىز ياكى ھەددىنى بىلمەس بولما » دېيىلمەكتە. جۈملىلەرنى تاللىماسلىق تىلدا، ھېس – تۇيغۇ قايىنىمىغا بېرىلىپ كېتىش تۇيغۇدا، ئەقلىگە كەلگەننى قىلىش ھەرىكەتتە ھەددىنى بىلمەسلىك بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئەي ئىنسان، ھەر ئىشىڭنىڭ چېكى بولسۇن. شۇنى ئۇنۇتما، بىرچەك بولمىسا، ئىنسان ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

# ئىسلام نېمە ئۈچۈن ھاراق ۋە باشقا خۇمار قىلىدىغان ماددىلارنى ھارام قىلغان؟

ئىسلام مەست قىلغۇچى ھەر قانداق نەرسىنى ھارام قىلغان. قۇرئان ھاراقنى « شەيتان ئىشى، پاسكىنا قىلىق »لار ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ ( مائىدە، 90 ). چۈنكى ئىسلامنىڭ بارلىق ئەمر ۋە چەكلىمىلىرى تۆۋەندىكى بەش ئاساسى ئامانەتنىڭ سالامەت بولىشى ئۈچۈن بولغان:

1. جان بىخەتەرلىك ئۈچۈن. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام قىلىنىشى ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى جازالاش ( مائىدە، 32 ).

2 . ئەقىلنى ئاسراش. ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك، كەيىپ، خۇمار قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھەر تۈرىنىڭ چەكلىنىشى ( مائىدە، 90 ).

3 . دىنىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى. كۇپۇر ۋە شېرىكنىڭ ھارام قىلىنىشى ھەمدە ئاخىرەتتە جازا بېرىلىشى.

4 . نەسلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش. زىنانىڭ ھارام قىلىنىشى ۋە جازا بېرىلىشى ( نۇر، 2 ).

5 . مال – مۈلۈكنىڭ قوغدىلىشى. ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ چەكلىنىشى ۋە جازا بېرىلىشى ( مائىدە، 38 ).

ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى بۇ ئاساسلىق بەش ئامانەتتىن « ئەقىل » ئامانىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئەقىل دىنىنىڭ ئۇلى. بۇ سەۋەپتىن « ئەقلى يوقنىڭ دىنى بولمايدۇ » دېيىلگەن.

ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق نەرسىلەر، ئىنسانىنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن ھارام قىلىنغان. ھاراقكەش بولۇپ قالغۇچىلار ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغانلىقتىن، ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىش ھاراق ئىستىمال قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ھاراقتىن تارتىپ ھەر خىل خۇمار، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەقلىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ شان – شەرىپىگە لايىق بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ھاراق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئائىلە تىراگىدىيىلىرى، ئۆلۈملەر ۋە قاتناش

ۋەقەلىرىگە مۇناسىۋەتلىق سىتاتىستىكىلەر، ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش سەۋەبىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قىسمىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپ قىسمى ھارام بولغاننىڭ ئازراقىمۇ ھارام بولىدۇ. ئىسلامنىڭ بۇ پرىنسىپىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن، بۇ قائىدىنى ئەسلەش يېتەرلىك بولسا كېرەك: ئاقىۋەتتى ھاراقكەشلىك بىلەن ئاخىرلاشقان يولنىڭ ھەممىسى، تۇنجى قەدەمتىن باشلىنىدۇ. ئاقىۋەتتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان بارلىق خۇمارلار ( زەھەرلىك چېكىملىك ) بىر قېتىملىق چېكىش بىلەن باشلىنىدۇ. شۇڭا، ئىسلام بۇ بىر يۇتۇم ۋە بىر قېتىملىق چېكىشنىمۇ ھارام قىلغان.

ئىسلامدا ھاراق ۋە كەيىپ قىلغۇچى ( زەھەرلىك چېكىملىك )غا ئوخشاش ئەقىلنى كور قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ئەخلاقى سەۋەبىمۇ بار:

ئەي ئىنسان! نېمىگە خۇمار بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىسەن! خۇمار ئىنساننىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىنى يوق قىلىدۇ. ھالبۇكى، سەن ئارزۇ ۋە ھاۋايى – نەپسىڭگە بېرىلىپ ئۇلارغا قۇل بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا بەندە بولۇش ئۈچۈن يارىتىلدىڭ! ھەقىقىي ئەركىنلىك ھاۋايى – نەپسىڭ ۋە ئارزۇلىرىڭنى تىزگىنلىشىڭ بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ئەي ئىنسان! مەس بولۇشتىن ۋە ھوشۇڭنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلە! مال ۋە بايلىققا مەست بولۇپ كەتمە! ھوقوق ۋە شۆھرەتكە بېرىلىپ ئۇنىڭغا قۇل بولما!

# ئىسلامدا يېگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر نېمىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن؟

ئىسلامدا يېمەك – ئىچمەك ھەققىدە ئىككى ئۆلچەم بار:

1 . ھالال ۋە ھارام

2 . پاكىز ۋە پاسكىنا

ھالال ۋە ھارام ئىلاھىيەت ئىلىملىرىنىڭ تېمىسى، پاكىز ۋە پاسكىنا نەرسىلەر تىبابەت ۋە خېمىيە پەنلىرىنىڭ تېمىسى.

ئىسلامدا بىر نەرسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە ئەمەس، ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمىسا، ئۇنىڭدا بىر چەكلىمە يوق. قۇرئان، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ، ھارام تىزىملىكىگە بىر نەرسە قوشۇپ قويۇشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ: « اللّٰه بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ » ( ئەئراف، 32 ). ھارام‌لار ئېنىق بەلگىلەنگەن. قۇرئان، ھالاللارنى ھارام قىلىش مەسىلىسىدە، ھارامنى ھالال قىلىشقا قارىغاندا ئۇن ھەسسە قاتتىق تۇرىدۇ ( ئەنئام، 140 ). اللّٰه ھالال قىلغاننى ھارام قىلىشنى قۇرئان « ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان يالغاننى ئاللاھقا چاپلايدۇ » ( مائىدە، 103 ) دەپ تىلغا ئالىدۇ.

ئىسلامدا ھالال ۋە ھارامنى اللّٰه بەلگىلەيدۇ ( يۇنۇس، 59 ـ 60 ). رەسۇلۇللاھ، ھالالنى باشقىلار ئۈياقتا تۇرسۇن، پەقەت ئۆزىگە بولسىمۇ ھارام قىلالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ خىل تەشەببۇسى سەۋەبىدىن اللّٰه تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە اللّٰه رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ھالالنى ئۆزى ئۈچۈن ھارام قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىغان ( تەھرىم، 1 ).

قۇرئان يېمەك – ئىچمەك ھەققىدە ھارام‌لار ئۈستىدە بىر قېتىم توختالغان بولسا، ھالالنى ھارام قىلىش ھەققىدە ئون قېتىم توختىلىدۇ. بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: بىر ھارامنى ھالال قىلىش قۇرئانغا نىسبەتەن بىر ھەسسە مۇھىم بولسا؛ بىر ھالالنى ھارام قىلىش قۇرئانغا نىسبەتەن ئون ھەسسە مۇھىم. قۇرئان

ئاساسلىق بۇ ھەقتە ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىدۇ. چۈنكى، « اللّٰه سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ » ( بەقەرە، 185 ).

ئىسلامدا يەھۇدىيلىكتىكىدەك « غىيابى ئۇلۇغلاش » يوق. ھەمدە ئىلاھ نامىدىن يېمەك – ئىچمەكنى مۇقەددەس قىلىپ بېرىدىغان « ئىلاھى ۋەكىل »مۇ يوق. يېمەك – ئىچمەك، اللّٰه ئادەم بالىلىرىغا بەرگەن بىر ئىكرام.

قۇرئاننىڭ قىممەت سىستېمىسىدا مەنىۋىيەت ھەردائىم جىسمانىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. قانداق مەسىلە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەھىي مەنىۋىيەتنى ھەر دائىم ماددىيەتتىن ئۈستۈن تۇتىدۇ. بۇ خۇددى ئاخىرەتنى دۇنيادىن، رۇھنى بەدەندىن، ئىماننى ئەمەلدىن، نىيەتنى ئىبادەتتىن ئۈستۈن تۇتىشقا ئوخشايدۇ. بۇ ئارقىلىق، مەنىۋىيەت بولغان روھنىڭ غىزاسى، جىسمى بولغان بەدەننىڭ غىزاسىدىن مۇھىم، دەيدۇ. قۇرئان، ئەقىلنىڭ خاتا بىلىم بىلەن ئوزۇقلىنىشىنى، بەدەننىڭ پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشىدىنمۇ مۇھىم بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قەلبىنىڭ پاكلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت سانى، بەدەننىڭ پاكلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت سانىدىن سېلىشتۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدەك كۆپ.

## ئىسلام نېمە ئۈچۈن يېمەك – ئىچمەك ھەققىدە بۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىدۇ؟

ھارام غىزا ئارقىلىق ئېرىشكەن ئېنېرگىيە، ۋۇجۇتتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھارام يول ئىزدەيدۇ. پاسكىنا نەرسىلە ئارقىلىق ۋۇجۇت ئىگە بولغان ئېنېرگىيە، ئىرادە، ئەقىل ۋە ۋىجدانىنى كىرلىتىدۇ. ھالال غىزانىڭ سالىھ ئەمەلگە ئايلىنىشى قېتىم سانى بىلەن ھارام غىزانىڭ سالىھ ئەمەلگە ئايلىنىش قېتىم سانى ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە كىشى ئۆزى خالىماي گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا، يېمەك – ئىچمىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

مىجەز - خۇيىنىڭ شەكىللىنىشىدە غىزانىڭ ھەسسىسى پەرەز قىلىنغاندىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ. پاكىز يېمەك – ئىچمەك بىلەن غىزالانغانلار، گۇناھتىن يىراق بولىدۇ. چۈنكى، ئورگانلار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا سەرپ قىلغان ئېنېرگىيىسىنى ئىستىمال قىلغان ئوزۇقلۇقتىن ئالىدۇ. ساپ بولمىغان يېقىلغۇ مۇھىتنى بۇلغىغاندەك، ۋۇجۇتقا كىرگەن پاسكىنا غىزالارمۇ ئىنسانىنىڭ ئەمەلىنى كىرلىتىدۇ.

پاك رىزىقنى كىرلىتىشمۇ مۇمكىن. ئۈزۈم پاك رىزىق. ئەگەر ئۇنىڭدىن شاراپ ياسالسا، ھالال ھارامغا، پاك پاسكىنا نەرسىگە ئايلىنىدۇ : « ئۇنىڭدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر » ( نەھل، 67 ) دېگەن ئايەت، بىر جەھەتتىن « پاك بولغاننى ئۆزەڭلار بۇلغاپ پاسكىنا قىلماڭلار » دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا.

پاك رىزىق بىلەن غىزالىنىش، غىزالىنىغۇچىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىدۇ. ئىسلام ئۇنىۋېرسال مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن قەدىم بەنى ئىسرائىلنىڭ، ئۆز دەۋرىدە تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن بولىشىدا، پاك ۋە ھالال غىزا بىلەن ئوزۇقلىنىشنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقىنى قۇرئاندىن بىلەلەيمىز (جاسىيە، 16 ).

## ئىسلامدا ھايۋانلار نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىسمى ياد قىلىنغان ھالدا بوغۇزلىنىدۇ؟

قۇرئاندا، ئاللاھتىن غەيرى « بەشەرى ئۇلۇغلار ( ئىنسانلار ئۆزى ئۇلۇغ قىلىۋالغان نەرسىلەر ) » شەرىپىگە ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشى ھارام بولۇپ، يېگىلى بولمايدۇ ( بەقەرە، 173 ).

قۇرئان، ھايۋان ئۆلتۈرۈلگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ( ھەج، 36 ). بۇ ئىلاھى تەۋسىيە، بىر جەھەتتىن « گەرچە ئۆلتۈرگىنىڭ ھايۋان بولسىمۇ، جاننى ھۆرمەتلە » دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ھايات بەرگۈچى مۇتلەق ھايات ئىگىسى بولغان ( ئەل – ھەي ) اللّٰه. ئىنسان، اللّٰه بەرگەن جاننى پەقەت ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن ۋە ئۇنىڭ نامىدىن ئالالايدۇ. قىسقارتما شەكىل بولغان بىسمىللاھ، يەنى « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن » جۈملىسى، ئاللاھتىن ئىجازەت سوراش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىسمىللاھ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇق ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت قۇرغانلىقىنىڭ نامايەندىسى. چۈنكى، غىزا بىر مەخلۇق، خالىقى اللّٰه. خالىق بىلەن مەخلۇق ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرغۇچى، شۈكۈر قىلىشتا قىينالمايدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچىنىڭ يادىغا شۈكۈر قىلىش كەلمەيدۇ. بىسمىللاھ، مانا بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ زېھنى جەھەتتىن قۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە اللّٰه ياد قىلىنغان ھالدا ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى بۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ رىزىق ئۈچۈن قىلىنغان بىر شۈكۈرنىڭ نامايەندىسى ( ھەج، 28، 34 ).

## ئىسلامدا زىنا نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئىسلامدا، ھەر خىل نىكاھسىز جىنسىي مۇناسىۋەت، زىنا دائىرىسىگە كىرىدۇ. قۇرئان زىنانىڭ ھەممە تۈرىنى ھارام قىلىدۇ ۋە زىنانى ئەخلاق ئۆلچىمىنى دەپسەندە قىلغانلىق دەپ قارايدۇ ( ئىسرا، 32 ). ئىسلام زىنانى ھارام قىلىپ چەكلەپلا قالماستىن، « زىناغا يېقىنلاشماڭلار » ( ئىسرا، 32 ) دەيدۇ ۋە زىنا سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مۇئمىنلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق، قائىدە – يوسۇنسىز ئەر – ئاياللىق مۇناسىۋىتىگە قارىتا بەلگىلىك قائىدە ۋە ئۆلچەم قويىدۇ. ئىككى يات جىنس ئارىسىدا، ساپ ھېس – تۇيغۇنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن بەلگىلىك مۇساپە قويىدۇ.

## زىنانىڭ جازاسى نېمە؟

زىنانىڭ ھەممىسى ئىسلامدا گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، زىنا قىلغۇچى اللّٰه ھارام قىلغان بىر ئىشنى قىلىپ، اللّٰه قويغان بىر قانۇننى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ. زىنا ئامما ئالدىدا سادىر قىلىنغان بولسا، بۇ زىنا بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ، ھەمدە ئامما ئالدىدا سادىر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشى زىنا گۇناھىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن، ھايات ۋاقتىدا ئاللاھقا پۈتۈن سەمىمىيىتى بىلەن يۈزلىنىپ تەۋبە قىلىشى كېرەك ( زۇمەر، 53 ). تەۋبە قىلماستىن، زىنا گۇناھى بىلەن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغان كىشىنى اللّٰه خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالاپ پاكلايدۇ. جەھەننەم يالقۇنى، ئىنساندا بىر گۇناھ بولسا كۆيدۈرىدۇ، بولمىسا كۆيدۈرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشنى خالىشى « كەيپى » بىر ئەھۋال ئەمەس، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە

يامانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا بېرىلگەن ئىلاھى قارار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ( قارىئە، 6، 9 ).

ئامما ( جەمئىيەتكە ) ئاشكارا بولغان جىنايەت ھالىدىكى زىنانىڭ جازاسى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلىنغان:

« زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار » ( نۇر، 2 ).

بۇ جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، زىنا ھالىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق ھالدا كۆرگەن تۆت شاھىت بولىشى كېرەك ( نۇر، 13 ). قۇرئان زىناغا قارىتا جازا بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىگۇناھ بىرىنى زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلاپ ئەيىپلىگۈچىگىمۇ جازا بەلگىلەپ، ئۇۋالچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغان ( نۇر، 4 ).

## ھەمجىنىسلىق ھەققىدە قۇرئان نېمە دەيدۇ؟

قۇرئان ھەمجىنىسلىقنى « ھەددىدىن ئاشقانلىق » ۋە « چەكتىن ئاشقانلىق » ( فاھىشەتەن ) دەپ ئاتايدۇ ۋە زىنانىڭ بىر تۈرى دەپ قارايدۇ ( نەمل، 54 ). چەكتىن ئېشىپ كەتكەن چىگرا ۋە دەپسەندە قىلىنغان ئۆلچەم « فىترەت » ۋە « يارىتىلىش » بولۇپ، ئىنسانغا ئىلاھى ھەدىيە سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنغان شەھۋەتنىڭ مەقسىتى، ئىنسان نەسلىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. ھەمجىنىسلىق ئالدى بىلەن بۇ ئاساسىي مۇددىئاغا خىلاپ. شۇڭا ھەمجىنىسلىق، ئىنسان فىترىتىگە زىت كېلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەبىئىيتى ۋە فىترىتىگە زىت كېلىدىغان ھەر ئىش « ھەددىنى ئېشىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان فاھىشا بولىدۇ. فىترەتكە زىت بولغان ھەر ئىشقا ئوخشاش، ھەمجىنىسلىقمۇ « بىنورمال » بىر ئەھۋال بولۇشتىنمۇ زىيادە، « ھارام » قىلىنغان بىر گۇناھ.

## ئىسلامدا تۆھمەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟

قىلمىغان بىر گۇناھ ياكى يامانلىقنى بىر ئىنساننىڭ قىلغانلىقىنى داۋا قىلىش تۆھمەت دەپ ئاتىلىدۇ. تۆھمەت ئىنسان شەخسىيىتىگە قارىتىلغان مەنىۋي تاجاۋۇز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆھمەت يالغۇز تۆھمەت قىلىنغۇچىنىڭ شەخسىيىتىگە قىلىنغان تەرۇز ( ھۇجۇم ) بولۇپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى تۆكۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمدۇر. قۇرئان بۇ ھەرىكەتنى ھەم گۇناھ ھەم جىنايەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ۋە جازا بەلگىلىگەن ( نۇر، 4 ). تۆھمەت قىلغۇچى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ جازالاندۇرۇلىدۇ ( نۇر، 23).

## ئىسلامدا غەيۋەت نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمىچۇ؟

غەيۋەت، « ئارقىسىدىن چېقىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلارنى ئارقىسىدىن چېقىش، ئۆسەك گەپ – سۆز قىلىش غەيۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. غەيۋەت، « بىر كىشىگە يۈز تۇرانە دېيەلمەيدىغان گەپ – سۆزلەرنى ئارقىسىدىن ئېيتىش » دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قۇرئان غەيۋەتنى چەكلىگەن:

« مەخپىي – يوشۇرۇن، ئالدى – ئارقىسىدىن دائىم تۆھمەت قىلىپ، چېقىشتۇرۇپ، ئەيىپ ئىزدەپ يۈرگۈچىنىڭ ھالىغا ۋاي! » ( ھۇمەزە، 1 ).

ۋەھىي بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن چېقىمچىلىق ۋە غەيۋەت قىلىشنى « ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىش » دەپ ئاتايدۇ ( ھۇجۇرات، 12 ). يەنى غەيۋەت « ئەخلاقى غالجىرلىق » دەپ قارالماقتا. بىر ئۆلۈكنىڭ چۈرۈپ كەتكەن گۆشىنى يېيىش، گۆشى يېيىلگۈچىگە ئەمەس، يېگۈچىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. غەيۋەتمۇ، غەيۋەتنى قىلىنغۇچىغا ئەمەس، غەيۋەت قىلغۇچىغا زىيانلىق. غەيۋەتتە مۇنداق ئىككى خىل زىيان بار:

1. ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بۇزىدۇ ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئۆز ئارا ئىشەنچنى يوقىتىدۇ.
2. اللّٰه – ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، غەيۋەتتە، غەيۋەت قىلىنغۇچىنىڭ يوقلىقى پۇرسەت دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بىر ھەقىقەت شۇكى، غەيۋەتنى قىلىنغان شەخسى ئۇ يەردە بولمىغان بىلەن اللّٰه ئۇ يەردە بار. غەيۋەتنى قىلىنغۇچىنىڭ ئاڭلىماسلىقى، ئاللاھنىڭمۇ ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

## ئىسلامدا ئۆسۈم نېمە ئۈچۈن ھارام؟

ئۆسۈم، ھېچقانداق بىر قىممەت ياراتماستىن، پەقەت پۇل ئۈستىدىن پۇل تېپىش بولۇپ، ئىسلام ئۆسۈم( ربا )نى ھارام قىلىپ، زاكاتنى پەرز قىلغان.
ئۆسۈم ئەجىر سىڭدۈرمەي ئېلىش، زاكات بىر نەرسە تاما قىلماي بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆسۈم كەمبەغەلنى تېخىمۇ كەمبەغەل قىلىپ، پۇلدارنى تېخىمۇ باي قىلىدۇ؛ زاكات يوقسۇلنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ. ئۆسۈم قان – تەرنى شوراش بولۇپ، زاكات بىرناننى بۆلۈشۈپ يېيىشتۇر. ئۆسۈم مال – مۈلۈكنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، بەرىكىتىنى ئازايتىدۇ؛ زاكات مال – مۈلۈكنىڭ سانىنى ئازايتىدۇ، بەرىكىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۆسۈمنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ئازاپ، زاكاتنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ساۋاپ بولىدۇ ( رۇم، 39).
ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنىشىدا « ئەمگەك ۋە قىممەت يارىتىش »قا تەرغىپ قىلىنىپ، ئەمگەكنى، قان – تەر بەدىلىگە كەلگەن قىممەتنى شۈمۈرۈش ۋە ھەقسىز شەكىلدە ئىگە بولىۋېلىشنى چەكلەش مەقسەت قىلىنغان.
قۇرئان بارلىق گۇناھلار ئىچىدە پەقەت ئۆسۈم ھەققىدە، باشقا ھاراملارغا قارىغاندا « ئاللاھقا جەڭ ئېلان قىلىش » ( بەقەرە، 279 ) تەك ئېغىر ئىپادىنى ئىشلىتىدۇ.

# ۋەھىي نېمە ئۈچۈن ئۆسۈمنى « ئاللاھقا جەڭ ئېلان قىلىش » دەپ قارايدۇ؟

قۇرئان دىن تىلىدا « ئىنسانىيەتكە ئائىت » ھەر قانداق بىر نەرسە، « ئاللاھقا ئائىت » بىر نەرسە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان ئىنسانىيەتكە ئامانەت قىلغان كەبىنى « ئاللاھنىڭ ئۆيى ( بەيتۇللاھ )»، ئىنسانىيەتكە ئامانەت قىلغان يەر يۈزىنى « ئاللاھنىڭ زېمىنى ( ئاردۇللاھ )»، قەۋمگە ئامانەت قىلغان تۆگىنى « ئاللاھنىڭ تۆگىسى ( نەقاتۇللاھ )» دەپ ئاتايدۇ.

ئوخشاش دىن تىلىنىڭ بىر پارچىسى بولغان، ئىنسان ھەقلىرىگە قىلىنغان تاجاۋۇز، الله ھەققىگە قىلىنغان تاجاۋۇز سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. شۇڭا قۇرئان، كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىگە قارىتىلغان تاجاۋۇز بولغان ئۆسۈمنى ئاللاھقا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش دەپ ئاتايدۇ.

ئۆسۈم ئىنسانىيەت ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق دەپ قارالغان. چۈنكى، ھەر ئۆسۈمگە ئاساسلانغان بىر ئىش، ئېكسپىلاتاسىيەنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەمگەكنى خور قىلىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت نەزىرىدە ئەمگەكنىڭ قىممەتسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ۋە جازانىنىڭ راۋاج تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، مەنپەئەت غېمى شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. يىغىش خىرسى، قىممەت يارىتىش ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشتەك گۈزەل پەزىلەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ. بۇ بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېغىر يوقۇتۇش بولىدۇ.

ئۆسۈمنىڭ ھارام قىلىنىشى، ئىنساننىڭ « كۆپەيتىش خىرسىغا » بويۇنتۇرۇق سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرئان كۆپەيتىش ۋە يىغىش ئادىتىنىڭ، خىرسىنىڭ ئىنسانىيەتنى جەھەننەمگە سۆرەپ ماڭغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئىپادىلەر بىلەن ئېنىق شەكىلدە بايان قىلىدۇ:

« تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل - مال، باللار بىلەن) پەخىرلەنمەك، ئۇلارنى كۆپەيتىش سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى (ئۇنداق قىلماڭلار). راستلا كەلگۈسىدە

بىلىسىلەر. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر راستلا (بۇ كۆپەيتىش ھەۋىسىنىڭ نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى) ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار). سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر (ئەلۋەتتە دۇنيانى جەھەننەمگە ئايلاندۇرغانلىقىڭلارنى كۆرەتتىڭلار). ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە قانداق بېرىلىپ كەتكەنلىكىڭلار ھەققىدە) نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر » ( تەكاسۇر سۈرىسى ).

## ئىسلامدا قىمار نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىنغان؟

قىمار ( مەيسىر ) قۇرئاننىڭ قەتئىي ھاراملىرى ئىچىدە يەر ئالىدۇ ( بەقەرە، 219 ). قىمار « ئاسان قولغا كەلگەن مال - مۈلۈك » بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان مەيسىر ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان.

ئۆسۈم نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىنغان بولسا، قىمارمۇ بۇ سەۋەپلەردىن ھارام قىلىنغان. قىمار ھەقسىز ئىگە بولۇش ۋە ئەمگەككە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. قىمارمۇ ئۆسۈمگە ئوخشاش بىر كىشى تەرىپىدىن سادىر قىلىنسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئەخلاقى بۇزۇلۇشقا سەۋەپ بولغانلىقتىن، ئاۋام ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، قىمار ئائىلىنىڭ ۋەيران بولىشىدا، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن قۇلغا ئايلىنىشىدا، باغلىنىپ قىلىشتىن تارتىپ جىنايەت سادىر قىلىشقىچە تۈرلۈك جىنايەت ۋە گۇناھقا سەۋەپ بولماقتا. ھەر قىمار، ئەمگەك ۋە ئەجىر سىڭدۈرگۈچىگە قىلىنغان ھاقارەتنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇ سەۋەپتىن قىمار گۇناھى، تەر تۆكۈپ ئەمگەكنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلەرگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بىر تەھدىت دەپ قارىلىدۇ.

## ئىسلامدا « گۇناھ چىقىرىش » بارمۇ؟

ئىسلامدا خىرىستىيانلىقتىكىدەك بىر « گۇناھ چىقىرىش » يوق. چۈنكى، بۇنداق ۋەزىپىنى ئادا قىلىدىغان « روھبان تەبىقىسى » ۋە « چىركاۋ »غا ئوخشاش ئورگانمۇ يوق. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىنسان « گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان » تەقدىردىمۇ بۇنداق بىر ئىش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، ئىسلامدا بەندە بىلەن اللّٰه ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ۋاستىچى ئورگان ياكى شەخس كىرەلمەيدۇ. چىركاۋ، روھبان تەبىقىسى، ئۆلىمالار... رەببى بىلەن بەندە ئارىسىغا كىرىپ، اللّٰه نامىدىن بەندىنى ئەپۇ قىلالمايدۇ.

ئىسلامدا گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ بىۋاستە ئاللاھقا يۈزلىنىپ قىلغان تەۋبىسى ۋە ئىستىغفارى بار.

## تەۋبە ۋە ئىستىغفار دېگەن نېمە؟ قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟

تەۋبە، « يۈزلىنىش » دېگەنلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ئورۇنىتىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىچكى دۇنياسىنى، اللّٰه بەلگىلەپ بەرگەن ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىستىغفار، « ياراتقۇچىدىن مەغپىرەت تىلەپ، ئۇ گۇناھنى ئۆتكۈزمىگەن قاتارىدىن قىلىشنى تىلەش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

تەۋبە ۋە ئىستىغفار ئىككى باسقۇچلۇق ئاللاھقا يۈزلىنىش ھەرىكىتى بولۇپ، تەۋبە - « خاتادىن ۋازكېچىش » باسقۇچىنى، ئىستىغفار - « توغرىنى تېپىش » باسقۇچىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئاننىڭ گۇناھ ھەققىدىكى تەلىمى قىسقىچە مۇنداق: ھەر قانداق گۇناھ ياراتقۇچىنىڭ مەغپىرىتىدىن چوڭ ئەمەس. ھېچكىم ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتىدىن،

مەغپىرىتىدىنمۇ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك. گۇناھتىنمۇ چوڭ گۇناھ بولغان ئىككى نەرسە بار:

1. گۇناھىغا قارىتا پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە پۇشايمان قىلماسلىق.

2. گۇناھىنى ئەپۇ قىلىنمايدۇ دەپ قاراش.

گۇناھىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە پۇشايمان قىلماسلىق، گۇناھلارنىڭ ئەڭ يامىنى. گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىنمايدۇ دەپ قاراش، ئاللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىك بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىمىدە، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان شەپقىتى، بىر ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ ئۈستۈن. ئىلاھىي شەپقەتنى تۆۋەندىكى ئايەت ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

« ( ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن ) ئېيتقىنكى، ( گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن ( خالىغان ئادەمنىڭ ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( زۇمەر، 53 ).

تەۋبە ۋە ئىستىغفار سەممىي ۋە چىن يۈرەكتىن بولىشىنى شەرتى قىلىدۇ. ئىككىنجى قېتىم بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزمەسلىككە نىيەت قىلىش ۋە ئىرادە باغلاش، گۇناھنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىسلامدا گۇناھنى كىم ئەپۇ قىلىدۇ؟

ئىسلامدا ئاللاھتىن غەيرى ھېچقانداق شەخس ياكى ئورگاننىڭ بۇنداق ھوقوقى يوق. مەرتىۋىسى نېمە بولىشى ۋە كىم بولىشىدىن قەتئىيىنەزەر ھېچقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ گۇناھنى ئەپۇ قىلىش ھوقوقى يوق، رەسۇلۇللاھمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. قۇرئان، رەسۇلۇللاھقا بارلىق كىشىلەر ۋە ئۆزى ئۈچۈن « گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن » ( مۇھەممەد، 19 ) دەپ چاقىرىق قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلالمايدۇ، پەقەت باشقىلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلالايدۇ ( ئالئىمران، 159 ). شۇنداقتىمۇ ھەققىدە دۇئا قىلىنغۇچى كىشى مەغپىرەت قىلىشقا لايىق بولمىسا، مەغپىرەت قىلىنمايدۇ ( تەۋبە، 84 ).

ئىسلامدا گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا ئەپۇ قىلىدۇ. ھەر ئىنسان گۇناھلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەيىپ ۋە گۇناھىنى پەقەت ئاللاھلا سۈيىئىستىمال قىلمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا كىشىلەر، ئىنسانلارنىڭ ئەيىپ ۋە گۇناھلىرىنى ئۇلارغا قارىتا كوزىر قىلىشى، سۈيىئىستىمالى قىلىشى مۇمكىن.

## ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئىشەنسە، كىشىنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنامدۇ؟

ياق، ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد چۈشەنچىسى خىرىستىيانلىقتا بار، ئىسلامدا يوق.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ئىمان ئاساسلىرىدىن پەقەت بىرى. مۇسۇلمان بولۇش پەقەت ئىمان ئېيتىش دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ئىشنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمى « سالىھ ئەمەل » قىلىش. قۇرئان « ئىمان ئېيتقان » ۋە « سالىھ ئەمەل قىلغان » كىشىلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى نەچچە ئون ئايەتتە بايان قىلىدۇ.

## رەسۇللاردىن تارتىپ بارلىق كىشىلەردىن ھېساپ ئېلىنىدىغانلىقى توغرىمۇ؟

شۇنداق، توغرا. ئاخىرەت كۈنى بارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە ئەلچىلەردىنمۇ ھېساپ ئېلىنىدۇ:

« بىز ئەلۋەتتە ئەلچى ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن ( ئەلچىلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاپ بەردىڭلار؟ دەپ ) سورايمىز، ئەلچىلەردىنمۇ ئەلۋەتتە ( اللَّهُ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ ) سورايمىز » ( ئەنئام، 7 ).

# ئائىلە

# ۋە

# ئىجتىمائىي ھايات

# ئىسلامدا ئايال كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قانداق؟

قۇرئان ئىنسانلارغا جىنسىيەت نوقتىسىدىن ئەمەس، ئىنسىيەت ( ئىنسانلىق ) نوقتىسىدىن قارايدۇ. ئايال ۋە ئەر كىشىنى ئىنسان مەۋجۇتلىقىنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئامىلى سۈپىتىدە قارىغان تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ ئىپادىسى:

« ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، ( ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار ( مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك ) بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر ( يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ )، اللّٰە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر » ( ھۇجۇرات، 13 ).

ئەر كىشى ياكى ئايال كىشى بولۇش ( جىنسىيەت ) ئۈستۈنلۈك ياكى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشنىڭ سەۋەبى ئەمەس. ئىسلامدا ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش پۇرسەت بېرىلگەن:

« مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھتىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھتىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا اللّٰە مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى » ( ئەھزاپ، 35 ).

« مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر – بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن ( بىر – بىرىڭلارنى تولۇقلىغۇچى پارچىلار ) » ( ئالئىمران، 195 ).

ئايال ۋە ئەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى جىنسقا قۇرئاندا « باراۋەرلىك » نوقتىسىدىن ئەمەس « ھەمراھ، جۈپ » لىك ھەقىقەتى نوقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئايال ۋە ئەرنىڭ بىر – بىرىنىڭ ئۈستىدە ھەققى ۋە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ.

« ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار » ( بەقەرە، 228 ).

## قۇرئان ئاياللارغا قول تەككۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟

بۇ ئىسلام ھەققىدە ئومۇمىيلاشقان، لېكىن خاتا ۋە كەمتۈك بىر چۈشەنچە بولۇپ، قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

« ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ( يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن ) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر ( يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر ). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، ( بۇ ئۈنۈم بەرمىسە ) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، ( بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە ) ئۇلارنى ئەدەبلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر ( اللّٰه ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ ) »( نىسا، 34 ).

ئايەتتە ھەم « ئايرىڭ » ھەم « ئۇرۇڭلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان دارابە ( زەربە ) پېئىلى، قۇرئاندا « مىسال كەلتۈرۈش، كىزىش، ئۇرۇش ( تاشقا )، مۆھۈرلەش، ئىنتىرىش، مەھكۇم قىلىش » دېگەندەك ئالتە خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. دارابە پېئىلى، دارابەد دەھرۇ بەينەنا مىسالىدىكىدەك، ئەرەپچىدە « ئىككى شەيئىنى بىر – بىرىدىن ئايرىش » مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. قۇرئاندا جانلىقنى ئۇرۇشنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئايرىم – ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان. لېكىن

بولارنىڭ ھېچبىرىدە ئىنسان دارابە پېئىلى ۋە ۋارىيانتلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. « تەستەك سېلىش » ساققەت ( زارىيات، 29 )؛ « مۇشت » ۋەكەزەھۇ ( قەسەس، 15 )؛ « قامچىلاش، سوقۇش » ئەھۇششۇ ( تاھا، 18 )؛ « كاللىسىنى ئېلىش » قاتائە ( ھاققە، 46 ).

قۇرئاندا « دارابە » پېئىلى بۇيرۇق شەكلى ( ئىدرىب، ئۇر ) شەكلىدە ئۆتكەن ھەر يەردە، « نېمە بىلەن » ( ساد، 44 ) ۋەياكى « قەيەرگە » ( ئەنفال، 12، 50؛ مۇھەممەد، 27 ) ياكى ئىككىسى بىرلىكتە ( بەقەرە، 60، 73؛ ئەئراف، 160؛ شۇئەرا، 63 ) ئىشلىتىلىدۇ.

قۇرئاندا « ئىدرىب » پېئىلى بۇ قائىدىدىن مۇستەسنا ھالدا ئىشلىتىلگەن بىردىنبىر شەكلى يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ مۇلاھىزىدىن كېيىن، نىسا سۈرىسى 34 – ئايەتتىكى ئىدرىبۇھۇننە ئىبارىسىنى، قائىدىدىن مۇستەسنا ھالدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، بۇ كەلىمگە « ئۇلارنى ئۇرۇڭ » شەكلىدە مەنا بېرىش توغرا ئەمەس. ئاخىرىدا پەقەت بىرلا مەنىسى « ئۇلارنى ئايرىڭلار » قالىدۇ. ساداقەتسىزلىك قىلغان ھەمراھ، جۈپلار ئۈچۈن « ئۇلارنى ئۇرۇڭلار » ئەمەس، « ئۇلارنى ئايرىڭلار » مەنىسى، قۇرئاننىڭ گراماتىكىسى جەھەتتىنمۇ توغرا كۆرۈلمەكتە.

بۇ ئايەت، ئىچكى ۋە تاشقى باغلىنىشلىرى نوقتىسىدىن ئىككى ئىنسان جىنسى ( ئەر – ئايال ) ئارىسىدا ئەمەس، بىر – بىرى بىلەن نىكاھ ئەھدىسى ئارقىلىق باغلانغان ئىككى تەرەپ ( ئەر – خوتۇن ) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتا بىر بەلگىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەشھۇر تەپسىرشۇناس تەبارىغا كۆرە بۇ ئايەت، ئېرى تەرىپىدىن تەستەك يېگەن ھەبىبە بىنت زەيدنىڭ رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىشى سەۋەبىدىن نازىل بولغان. رەسۇلۇللاھ ھەبىبەنى ئوخشاش دەرىجىدە ئېرىنى بىر تەستەك سېلىشقا بۇيرىغان. بۇ ئايەت نازىل بولىشى بىلەن « مەن بىر نەرسىنى خالىدىم، اللّٰه باشقا بىر نەرسىنى خالىدى. شۈبھىسىز ئاللاھنىڭ خالىغىنى ھەممىدىن خەيرلىكتۇر » دېگەن. قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىنى تەستىقلىمىغان. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نوقتا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئېرىدىن يېگەن تەستەككە قارشى، بىر ئايالنى ئوخشاش دەرىجىدە ئېرىنى بىر تەستەك سېلىشقا بۇيرىشى ئىدى.

ئەگەر كۆپ مەنىلىك بۇ سۆزنىڭ « ئۇرۇشلار » مەنىسىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك: ئۇرۇش ئېشى ئەر ۋە ئايال كىشى ئارىسىدا ئەمەس، ئەر – خوتۇن ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشى. بۇ يەردە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرگە تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ ئىنسانىي بولغان ئۇسۇل تەۋسىيە قىلىنغان. قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان نىشانىنى سۆز لەبزى بىلەن چەكلەپ قويۇش، قۇرئاننى تارىختىقا مەھكۇم قىلغانلىق بولىدۇ. نازىل بولۇش سەۋەبىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئايەت ئەر – خوتۇن ئارىسىدا مەسىلە چىققاندا ئەقلىگە ئەڭ باشتا تاياق كېلىدىغان ئەرلەرگە خىتاپ قىلماقتا ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ ئىنسانى تەدبىرلەر بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا. بۇ تەدبىرلەردىن بىرى ئايال كىشى بىلەن تۆشەكنى ئايرىشتۇر. لېكىن بۇ تەدبىر، كۆپ خوتۇنلۇق ۋەزىيەتتە بىر جازالاش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە ھالەتتە ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنى جازالاندۇرىشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بۇ ئايەتتىكى تەۋسىيىنىڭ مەقسىتى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەپ جەمئىيىتىدە ئايالىدىن خاتالىق ئۆتۈپ قالسا، بىرىنچى بولۇپ تاياق بىلەن ئايالىنى جازالايدىغان ئەرلەرنىڭ ئايالغا قاراتقان زولۇق – زومبۇلۇقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئايال كىشىنى ئۇرۇپ باقمىغان ۋە ئۇرۇشقىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: « سىلەر ئايالىرىڭلارنى قۇلنى ئۇرغاندەك ئۇرۇشتىن خىجىل بولماسىلەر؟ كۈندۈزى ئۇرۇپ، ئاندىن كېچىسى بىرلىكتە بولىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ »( بۇخارى، نىكاھ،93 ). رەسۇلۇللاھ ئايالارنى قاتتىق ئۇرۇشنى چەكلىگەن ( ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد بىن ھەنبەل ). تارىختىن مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ ئايالىرى بىلەن ئۈزلىشىپ كېتىشكە تاس قالغان. لېكىن، رەسۇلۇللاھ تالىقنى بەرمەكچى بولغان ئايالىرىنى ئۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغان. قۇرئان بۇ ئەھۋالدا « ئۇرۇش ( تاياق ) »نى ئەمەس، « تالاق قىلىش »نى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق « ئۈزلىشىپ كېتىش »نى تەۋسىيە قىلغان ( ئەھزاپ، 28، 32 ).

ئەگەر يۇقىرىدىكى ئايەتنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا تەدبىقلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىدىغان بولساق، ئايەتتىكى كۆپ مەنىلىك سۆزنى « ئۇرۇشلار » دېگەن مەنىدە ئەمەس، « ئايرىلىشلار ( ئۈزلىشىپ كېتىشلار ) » دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ ئەھۋالدا قۇرئاننىڭ ئائىلىدىكى چىقىشالماسلىق

ھالىتىگە كېلىپ قالغان ياكى ئىناقسىزلىق پەيدا قىلغان ئائىلىگە قارىتا ئەرلەرنى « ئۇرۇۋېلىشنى » ئەمەس، « ئايرىلىشلار ( ئۇزلىشىپ كېتىشلار ) » دېگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

## ئىسلامدا ئائىلە ۋە ئەر مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

قۇرئانغا كۆرە، ئەر – ئايال، ئوغۇل – قىز مۇناسىۋىتى جىنسىيەت ۋە جىنس ( شەھۋەت ) نى مەركەز قىلغان ئاساستا ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانلىق ۋە شەخسىيەت مەركەز قىلىنغان مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىدۇ. قۇرئان بىرىنچى دەرىجىدە تۇققان بولغان ئەر – ئايالنى ئائىلە ئەزالىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز ئارا توي قىلىشنى چەكلەيدۇ. بۇلار تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان:

« سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ ( باشقا ئەردىن بولغان ) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى ( بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ ) ئېلىش ھارام قىلىندى... »( نىسا، 23 ).

ئىسلام نىكاھ چۈشىدىغان ئايال ۋە ئەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چەكلىمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۆز ئارا نىكاھ چۈشىدىغان ئەر ۋە ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شەھۋەت ۋە ئازدۇرغۇچى نەپسىنىڭ زەھەرلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەر ئالىدۇ. ئىككى جىنس ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھۆرمەت ئاساسىدا بولۇشى ئۈچۈن ئارىغا مۇۋاپىق مۇساپە قويىدۇ. بۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بەزى تەدبىرلەرنى بەلگىلىگەن. ئىككى جىنس ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بەلگىلەنگەن چەكتىن ھالقىماسلىقى ئۈچۈن ئېلىنغان تەدبىرلەردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

1 . زىناغا يېقىنلاشماڭلار ( ئىسرا، 32 ). بۇ كىشى بىلەن زىنا ئارىسىغا بىر مۇساپە قويغانلىقتۇر.

2 . قاراشنى تىزگىنلەش ( تىكىلىپ قارىماسلىق ) ھەققىدىكى ئەمىر. ئەر ۋە ئايالغا، يات جىنسقا شەھۋەت بىلەن قارىماسلىققا بۇيرۇش ( نۇر، 30 – 31 ). چۈنكى يات جىنسلار ئارىسىدا بىر – بىرىگە قاراش تىزگىنلەندىن چىقىپ كېتىپ قالسا، مۇناسىۋەتمۇ تىزگىنىدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ.

3 . تەسەتتۇر ئەمرى. ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەمرنىڭ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىغا ئالاھىدە ئۆلچەملەر قويغان ( نۇر، 31؛ ئەھزاپ، 59 ).

## ئايال كىشى نېمە ئۈچۈن ھىجاپلىنىدۇ؟

قۇرئاننىڭ ھىجاپ ھەققىدىكى ئايىتى تۆۋەندىكىچە:

« مۆئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرى( ئۆزلىكىدىن كۆرۈنىدىغان قىسمى )دىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، ( تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا ) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر ( يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار )دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان ( يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن ) باللاردىن باشقا كىشلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار » ( نۇر، 31 ).

ئايەتتە ئۆزلىكىدىن كۆرۈنىدىغان قىسملاردىن مەقسەت، يۈز، قول ۋە پۇت بولۇپ، بۇ ئورگانلارنىڭ يېپىلىپ – يېپىلماسلىقى، قۇرئانغا كۆرە ئەمەس، ئەنئەنىگە كۆرە بەلگىلەنگەن.

ئېچىپ ھەممىگە كۆرسەتمەسلىككە بۇيرۇلغان جەلىپ قىلغۇچى ۋە گۈزەللىكلەر، ئومۇمغا كۆرسىتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك بولغان شەخسى گۈزەللىكلەر بولۇپ، ئومۇمغا كۆرسىتىشتىن توسۇشنىڭ مۇنداق ئىككى مەقسىتى بار:

1. ئايال كىشىنىڭ كىشىلىكىنى چىشى جىنس بولۇشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، جىنسىي سۇيىئىستىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

2. ئەنئەنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتتىن چەتكە قېقىلغان ئايال كىشىنى ئىجتىمائىي ھاياتقا قايتۇرۇپ كېلىش.

ئەكسىچە بولغاندا، يات جىنسلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كىشىلىكنى مەركەز قىلماستىن، جىنسىيەتنى مەركەز قىلغان بىر مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھىجابنىڭ مەقسىتى ئۈچ تەرەپنىڭ ئەخلاقنى كۆزدە تۇتقان:

1. ئايال – ئۆزىگە خاس بولغان جىنسى ئالاھىدىلىكنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ ئاۋامغا كۆرسەتمەسلىك.

2. ئەر – يات جىنس بىلەن شەھۋەتنى مەقسەت قىلغان ۋە سۇيىئىستىمال قىلىدىغان شەكىلدە مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق.

3. جەمئىيەت – ئەر – ئايال مۇناسىۋىتىنى نورمال تەرتىپكە سېلىشى كېرەك.

ھۇمۇر سۆزىنىڭ بىرلىك شەكلى خىمار « ياغلىق » دېگەنلىك بولىدۇ. مەس قىلغۇچى ئىچىملىكمۇ، ئەقىلنى ئوراپ توسىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوخشاش يىلتىزدىن كەلگەن خامر ئىسمى بېرىلگەن. بۇ ئىككى كەلىمە « باش »تىن ئىبارەت ئورتاق نوقتىدا كېسىشىدۇ. مەسىلەن: كۆپۈرمۇ « يېپىش، يۆگەش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، باش قىسمىغا ئەمەس، قەلبكە نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوخشىمىغان سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان باشقا بىر سۆز ئىشلىتىلگەن. ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆر ئاياللار ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كەلگەن ياغلىق، باشتىن ئاياققا ساڭگىلىتىلغان بولۇپ، زىنىنەت ئەشياسى رولىنى ئۆتەيتتى. بۇ يېپىنچا، ياقا قىسمىغا توغرا كەلگەن، كۆكرەك ۋە كۆكرەكتىكى زىنىنەت بويۇملىرىنى كۆرسەتكەن ئوچۇق قىسىم( جۇيۇب ) نى ياپمايتى. « لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن » ئىبارىسى، ئوچۇق قويۇلغان بويۇن ۋە گەردان قىسىملىرىنىڭمۇ لىچەك بىلەن تولۇق يۆگىشى ھەققىدە تەلىماتنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا.

# ئىسلامدا ئائىلىنىڭ ئورنى

ئىسلامدا بىر جەمئىيەتنىڭ بەخت – سائادىتى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل مەقسەتكە مۇۋاپىق شەكىلدە بەرپا قىلىنىشى كېرەك:

1. ئەخلاق - پەزىلەت
2. ئائىلە
3. جەمئىيەت

ئائىلە – كېلىپ چىقىش جەھەتتىن « بىرىنى ئېلىۋەتسە، قالغانلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان بىردىن ئارتۇق ئامىل » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ۋەھىيگە كۆرە، ئائىلىنىڭ گېئومېتىرى بىر بىرىگە پاراللېل ئىككى سىزىق ئەمەس، بىر – بىرىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئىككى يانتۇ سىزىققا ئوخشايدۇ. ئائىلە كىشىنىڭ ئەخلاقى يېتىلىدىغان بالا ياتقۇ، جەمئىيەتنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈجەيرىدۇر.

قۇرئانغا كۆرە ئەر ۋە ئايال، بىرسى بولمىسا يەنە بىرسىمۇ پۈتۈن بولالمايدىغان ئىككى پارچە بولۇپ، بۇ پۈتۈنلۈك مۇشۇ ئىككى پارچە بىرلەشكەندە ئاندىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ ئىككى پارچە ئۆز ئالدىغا بىر – بىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ. قۇرئان ئائىلىنى شەكىللەندۈرگەن ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسلىق ئامىلنى ئوخشاش بىر ئاتالغۇ بىلەن، يەنى زەۋج كەلىمىسى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. زەۋج « ھەمراھ، جۈپ » دېگەنلىك بولىدۇ. خۇددى ئاياقنىڭ بىر جۈپتىگە ئوخشاش... جۈپ، ئەمما باراۋەر ئەمەس. ئاياقنى تەتۈر كىيىش، ئاياققا ھەم پۇتقا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

قۇرئان ئائىلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەر ۋە ئايالنى « مەسئۇلىيەتچان بولۇش»قا چاقىرىدۇ:

« ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر نەپس ( جانلىق )تىن ياراتقان، شۇ نەپس ( جانلىق )تىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار ( اللّٰه ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى بىلىڭلار )! » ( نىسا، 1 ).

قۇرئان ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر – بىرىنىڭ « زىتى ( ئەزداد ) » ئەمەس، بەلكى « جۈپ ( ئەزۋاج )»تى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئايەتتە، ئىنسانىيەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىككى جىنس قىلىپ يارىتىلغانلىقى سوئالىغا: « بىر – بىرىڭلاردىن ئۈنسى – ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ...» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەر – خوتۇن ئارىسىدا مېھر – مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك ( رۇم، 21 ).

قۇرئان، ئائىلىنى جەھەننەمگە تۇتىشىدىغان بىر يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى ئائىلە رەئىسىنىڭ زىممىسىگە ئارتىدۇ:

« ئى ئىمان ئېيتقانلار ( مۇئمىنلەر )! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا – چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار! » ( تەھرىم، 6 ).

قۇرئان ئىككى ئائىلىنى ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ ( ئالىئىمران، 33 ).

1 . ئىبراھىم ئائىلىسى - ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئاياللىرى سارا، ھەجەر، باللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ھەمدە جىيەنى لۇتتىن تەشكىل تاپقان بىر ئائىلە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمانى سىناقتىن ئۆتكەن ئۆرنەك كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسى سىناقتىن غەلىبىلىك ھالدا ئۆتكەن ( سافغات، 100 – 105، 83 – 113 ).

2 . ئىمران ئائىلىسى- ئىمران، ئايالى خاننە، قىزى مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسادىن تەشكىل تاپقان بىر ئائىلە. بۇ ئۆرنەككە زەكەرىييا، ئايالى ئېلزابېت، ئوغلى يەھيامۇ كىرىدۇ ( ئالىئىمران، 35، 55 ).

قۇرئان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر چوڭ ئائىلە قاتارىدا كۆرىدۇ. ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسىنى بىر ئائىلە دەپ قارايدۇ ۋە تۆت يەردە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە « ئەي ئىنسانلار ( ئادەم باللىرى )! » دەپ خىتاپ قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى بەندىگە قۇل بولماسلىق ۋە پەقەت ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ئىبارەت ئورتاق پايدىسى ئۈچۈن قېرىنداش قىلىشنى خالايدۇ.

## ئىسلام كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قانداق قارايدۇ؟

نورمال ئەھۋالدا ۋەھيىنىڭ تەۋسىيەسى بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىش: « ئەگەر ئاياللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ » ( نىسا، 3 ). نورمال ۋە بولۇشقا تېگىشلىك بولغاننىڭ بىر خوتۇنلۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن قۇرئانى دەلىلى، ئاخىرەتتە كىشىنىڭ ئۆزىدىن قاچىدىغانلار ئارىسىدا تىلغا ئېلىنغان « ئىنسان خوتۇن – بالىلىرىدىن قاچىدۇ » ( ئەبەسە، 36 ) ئايىتى بولۇپ، ئايەتتە « ئاياللىرىدىن » دېيىلمىگەن.

قۇرئان نازىل بولغان جەمئىيەتتە بىر ئەر كىشىنىڭ ئەمرىدە قانچە ئايال بولۇش ھەققىدە ھېچقانداق چەكلىمە يوق ئىدى. ئەرلەر خالىغىنىچە ئايالنى ئەمرىدە تۇتاتتى، خالىغان ئايالىغا ئىگە بولۇپ، خالىغىنىنى تالاق قىلاتتى. بۇ ئادىتىگە ئۆز خاھىشى بويىچە غەيرى ئىنسانى قائىدىلەر ئىجات قىلغانىدى. بۇ يوللاردىن بىرسى، قۇرئان جازا ۋە كافارەتكە باغلىغان زىھار ( ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆز ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوخشىتىش ) ئىدى. قۇرئان زىھار يولى بىلەن ئايالنى تالاق قىلغانلارغا كافارەت بېرىشنى شەرت قىلىپ، بۇ ئادەتكە ئوچۇق ھالدا قارشى چىققان ( مۇجادەلە، 1 – 5 ).

## رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

1. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشى بەشەرى ئارزۇ ( ھاۋايى – ھەۋەس ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ئەگەر بۇنداق بولغان بولسا ئىدى، 25 يېشىدا 40 ياشقا كىرگەن خەدىچە بىلەن ئۆي – ئوچاقلىق بولمايتتى. خەدىچە رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغاندا، ئىككى قېتىم توي قىلغان، ئۈچ يېتىم بالىسى بار تۇل ئايال ئىدى. شۇنداقمۇ قىلدى دەيلى، بۇ ھالىتىنى ئايالى خەدىچە ۋاپات بولغىچە بىر خوتۇن بىلەن 25 يىل داۋاملاشتۇرمايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى مېھر – شەپقەت كۆرسىتىش مەقسىتىدىكى تورمۇشلۇق بولىشىنى، شەھۋەت دەپ قارىغانلار، ھاياتىنىڭ ئەڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان مەزگىلى بولغان 25 يىلىنى ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ بولغان ۋە ئىككى قېتىم توي قىلغان، ئۈچ يېتىم بالىسى بولغان بىر تۇل ئايال بىلەن بىر خوتۇنلۇق ھالىتىدە ئۆتكۈزۈشىنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟

2. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشى رەسۇل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەگەر بۇنداق بولغان بولسا 25 يىل بىر ياستۇققا باش قويغان، ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ بولغان ئايالى خەدىچە رىسالەتنىڭ 9 – يىلىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىككى يېرىم يىل تۇل ھالەتتە ياشىمىغان بولاتتى. چاي ئىچكۈزگەن ئائىشە بىلەن ئۆي – ئوچاقلىق بولۇش ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى كۈتمەيتتى. مەككىدىكى ۋاقتىدا، ئىككى قېتىم توي قىلغان بىر تۇل ئايال بىلەن 25 يىل بىرگە ئۆتۈشىنىڭ ئورنىغا، باشقا ئاياللارنىمۇ ئالغان بولاتتى.

3. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشى، لىدىرلىك مەسئۇلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ مەدىنىدە ئالغان ئاياللىرى شەھۋەت ئۈچۈن ئەمەس، شەپقەت كۆرسىتىش ۋە بەلگىلىك مەقسەت بىلەن بولغانىدى. بۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئەمرىگە ئالغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

سەۋدە بىنت زەما - خەدىچە ئانىمىزدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۆيلەنگەن ئىككىنجى ئايال. سەۋدە 50 ياشلىق، 6 بالىسى بار تۇل ئايال بولۇپ، ھىمايە قىلىشقا مۇھتاج ئىدى. رەسۇلۇللاھ نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنى ھىمايە قىلدى.

ئائىشە بىنت ئەبۇ بەكىر - رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە قىز ھالىتىدە ئالغان بىردىنبىر ئايالى. بەزىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن كىچىك ياشتا توي قىلغانلىقىنى بايان قىلىسمۇ، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغان ۋاقتىدا 18 – 19 ياشلىق يېتىشكەن بىر قىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ھافسا بىنت ئۆمەر- رەسۇلۇللاھ بىلەن نىكاھلانغاندا 22 ياشتا بولۇپ، ئېرى ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان تۇل ئايال. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا تەسەللىي بېرىش ۋە ھىمايىسىگە ئېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، شۇنداقلا يېقىن دوستى ھەزرىتى ئۆمەرنى شەرەپلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغان.

زەينەپ بىنت ھۇزەيمە - بۇرۇن ئۈچ قېتىم توي قىلغان بولۇپ، 2- ئېرى بەدىردە، 3- ئېرى ئۇھۇددا شېھىت بولغان، بالىسى يوق تۇل ئايال. رەسۇلۇللاھ بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ھىمايە قىلغان.

ئۇممۇسەلەمە - بىر قانچە قېتىم توي قىلغان، بەش بالىسى بار تۇل ئايال. تۆت كىچىك بالىسى بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ ھىمايە قىلغان.

زەينەپ بىنت جاھىش- رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغاندا 36 يېشىدا تۇل ئايال. ئېرى زەيد بىن ھارىس بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى يىرالمىغانلىقى ئۈچۈن توي قىلغانىدى. 35 يېشىغىچە تالىپ بولۇپ كەلگەنلەرنى ياندۇرۇۋەتكەن.

جۇۋەيرىيە بىنت ھارىس – ئېرى جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن تۇل ئايال بولۇپ، ئەسىرگە چۈشكەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قەبىلىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈش ۋە ياخشى نىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن « ئىسلامغا دەۋەت قىلىش » مەقسىتىدە نىكاھلانغان.

ئۇممۇ ھەبىبە – رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلغاندا 38 ياشتا بولۇپ، بالىسى بار تۇل ئايال ئىدى. ئېرى ئىسلامدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن ئىگە – چاقىسىز قالغان. بۇ نىكاھمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مېھر – شەپقەت ۋە رەئىسى بولغان چوڭ ئائىلە ( مەدىنە ئىسلام جامائەسى ) گە كۆرسەتكەن ياخشى نىيىتى ئىدى.

سافىييە بىنت ھۇيەي – ئىككى قېتىم توي قىلغان تۇل ئايال. خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئاقساقىلىنىڭ قىزى. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن «ئىسلامغا دەۋەت قىلىش» مەقسىتىدە نىكاھلانغان.

مەيمۇنە بىنت ھارىس – ئىككى قېتىم توي قىلغان، 36 ياشلىق تۇل ئايال. رەسۇلۇللاھ قازا ئۇمرىسى قىلغاندا، مەككىلىكلەرگە ياخشى نىيىتىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلانغان.

رەيھانە بىنت زەيد – ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن تۇل ئايال. مۇسۇلمان بولغان ۋە نىكاھ ئارقىلىق ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ياخشى نىيىتى ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا سەۋەپ بولغان.

مارىيە ئەل – قىبتىيە – رىملىق مىسىر ۋالىسى جۇرەيخ ب. مىنا رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن. نەقىل قىلىنىشىچە، مەدىنىگە كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلانغان ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئوغلى بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپ ئاياللىق بولۇش سەۋەبىنىڭ شەھۋەت ئەمەس، ئەكسىچە شەپقەت ۋە دەۋەتنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

# ئىسلام باشقا دىنلارغا ۋە مەنسۇپلىرىغا قانداق قارايدۇ؟

ئىسلامنىڭ باشقا دىنلارغا بولغان مۇئامىلىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن رەڭدارلىق ( ئوخشاشماسلىق )قا قانداق قارايدۇ؟ بۇنى بىلىش لازىم. ئىسلامغا كۆرە، ئوخشاشماسلىق بايلىقتۇر. قۇرئان ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ، ئىنسانلارنىڭ تىل ۋە رەڭلىرىنىڭ پەرقلىق بولىشىنى « ئاللاھنىڭ ئايىتى » دەپ ئاتايدۇ ( رۇم، 22 ). قۇرئان فاتىر سۈرىسىدە، يارىتىلغانلار شۇنچە پەرقلىق بولىسمۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى مىسلىسىز ماسلىشىش بايان قىلىنىغان. مەزكۇر سۈرە بۇ ئوخشاشماسلىقنى بىر بايلىق سۈپىتىدە بىزگە بايان قىلىدۇ. قۇرئانغا كۆرە، يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئىرقىنى، رەڭگىنى، تىلىنى نىشانغا ئېلىش، ئاللاھنىڭ ئايىتىنى نىشانغا ئالغان بىلەن ئوخشاش.

قۇرئان ياراتقۇچىنىڭ بىر ئىكەنلىكى ھەققىدە قانچىلىك ئەستايىدىل بولغان بولسا، يارىتىلغانلارنىڭ كۆپ خىللىقى ھەققىدىمۇ شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىدۇ. قۇرئان، بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

1. ياراتقۇچىنىڭ بىر ئىكەنلىكى پرىنسىپىغا ئىسيان قىلىش، ئاللاھقا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن « ئەڭ چوڭ گۇناھ » بولغان شېرىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. يارىتىلغاننىڭ كۆپ خىل بولۇش پرىنسىپىغا قىلىنغان ئىسيان، ئىنسانغا قارىشى سادىر قىلىنغان ئەڭ چوڭ گۇناھ « زۇلۇم »نى پەيدا قىلىدۇ.

ئىسلام، دۇنيادىكى دىنىي ئوخشاشماسلىقلارنى، ياراتقۇچى ئىرادىسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچى، مۇسۇلمانلاردىن ھەممە كىشى ئىمان ئېيتقان بىر دۇنيا بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇنى قۇرئاندا ئوچۇق قىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ ( يۇنۇس، 99 ). قۇرئانغا كۆرە، ئېتىقاد ئوخشاشماسلىقى يوق بىر دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش، ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە ئىسيان قىلغانلىق بولىدۇ.

ﷲ ئوخشىمىغان دىنلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قولى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

« ئەگەر اللّٰه ئىنسانلارنى بىر – بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ ياد قىلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى» ( ھەج، 40 ).

## ئىسلام ئوخشىمىغان دىن مەنسۇپلىرى ( مۇرتلىرى ) بىلەن بىر يەردە ياشاشقا قانداق قارايدۇ؟

ئۇنىڭغا ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام جۇغراپىيىسى شاھىت:

1. مۇسۇلمانلار پەتىھ قىلغان ھەر قانداق بىر جايدا، مەيلى قايسى دىندا بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرتۇپ تاشلانغانلىقى تارىختا ئۇچرىمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان ۋە ئىسلامغا قاتتىق مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ئانادولۇدىكى يەزىدىلىك، لىۋاندىكى دۇرزىلىك، ھىندىستاندىكى سىھلىق، ئىراندىكى باھائىلىقمۇ يىلتىزىدىن قۇرتۇپ تاشلانمىغان. لېكىن، ئىسپانىيە ( ئەندۇلۇستا )دە 800 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇسۇلمان مەۋجۇدلىقى يىلتىزىدىن قۇرتۇپ تاشلانغان. سىجىلىيەدىمۇ شۇنداق بولغان. ئەھلى سەلىپ 1092 – يىلى 7 – ئاينىڭ 15 – كۈنى قۇددۇسقا كىرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن شەھەردە بىرمۇ مۇسۇلمان ساق قالمىغان. ھالبۇكى ئۇ مەزگىلدە قۇددۇستا بەلگىلىك سالماقتا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىي نوپۇسى بار ئىدى.

2. مۇسۇلمانلار ئىدارىسىدىكى ھەر قانداق بىر شەھەردە، باشقا دىنغا مەنسۇپ ئىبادەتخانىلارنىڭ چېقىپ ۋەيران قىلىنغانلىقى ھەققىدە، تارىختا ۋە كۈنىمىزدە بىرمۇ مىسال يوق. ئىسلام تارىخىدە سەككىز ئوردۇگاھ ( ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق جاي ) شەھەر بەرپا قىلىنغان. باسرا، كۇفە، قاھىرە ( فۇستات ) ۋە قايىراۋان بۇلاردىن بىر قانچىسى. بۇ شەھەرلەرنى مۇسۇلمانلار بىنا قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىنى ئاز سانلىقلار ۋە ئۇلارغا ئائىت ئىبادەتخانىلارنىڭ بارلىقى تارىخىي بىر رېئاللىق. لىۋانلىق خىرىستىيان ئەدىب ئامىن مائالوفنىڭ سۆزلىرى بىر تارىخىي ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر ئەجدادىم، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن پەتىھ قىلىنغان بىر ئەلدە خىرىستىيان بولۇشىنىڭ ئورنىغا، خىرىستىيانلار تەرىپىدىن پەتىھ قىلىنغان بىر ئەلدە مۇسۇلمان بولغان بولسا، 14 ئەسىر بويىچە ئۆز ئېتىقادىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا، يېزا ۋە شەھەرلىرىنى ساقلاپ قالالمايتتى.

3. قۇرئاندا مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان غەيرى مۇسلىملارنىڭ ئۆز شەرئىتىنى ئىجرا قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ( مائىدە، 43، 47 ). قۇرئان يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە مۇسۇلمانلارنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ:

« (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللّٰه خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن اللّٰه سىلەرگە بەرگەن شەرئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) اللّٰه سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ » ( مائىدە، 48 ).

بۇ ئايەت، ئوخشاش بولمىغان دىن مۇرتلىرىنىڭ ئوخشاش بىر ماكاندا ياشاشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز شەرئەتلىرىنى ئىجرا قىلىشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

# خاتىمە

« ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » ( يۇنۇس، 99 ).

« ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز » ( ھەشر، 21 ).

« ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز ( سىيا ) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز ( نىڭ سىياسى ) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ( يېزىپ ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ( لوقمان، 27 ).

Kur´ana göre islam nedir? (Uygurca)

Çevrildiği Dildeki Adi: Kuranğa Köre İslam Nime?
قۇرئانغا كۆرە ئىسلام نىمە؟

Yazar: Mustafa İslamoğlu
Çeviren: Batur KARAHANLI

Yayın yönetmeni: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
Çeviri editörü: Batur KARAHANLI
Yayının Ana Sponsoru: Abdulla SIDDIK
Yayına Hazırlayan: Batur KARAHANLI
Mizanpaj: Pidakar
Kapak: Motto Project

İrtibat: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
(05378112235 whatsapp)
Tedbir Ltd. www.tedbirltd.com

Yayınevi:
Tedbir Dış Ticaret Danışmanlık Tercüme
Eğitim Hizmetleri ve Turizm Limited Şirketi
Yayıncı Sertifika No: 34532
Adresi:Yenidoğan Mahallesi, Numunebağı Caddesi
Fatih İş Merkezi, 74/84, Kat5, Bayrampaşa, İstanbul
Tel/Fax: +90 212 347 5039 GSM: +90 537 811 2235
www.tedbirltd.com Email: tedbirltd@gmail.com

Baskı ve Mücellit:
Han Basım Yayın Matbaacılık Sanayi ve Ticaret Anonim Şirketi
No. 42, Atatürk Cad., Yarımburgaz, Küçükçekmece, İstanbul

ISBN: 978-605-82940-3-5
Yayıncı Sertifika No: 34532
1.Baskı 2017 Mayıs
2000 Adet

*ESER'in telif hakları ESER SAHİBİNE aittir,
içeriği izinsiz kopyalanamaz,
kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir.